ئىككىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# ترملر

# 读者



- بىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت
- دۆلەتمەنلەر دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالدىم
- بالىلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى
- لىن بياۋنىڭ زەھەر چەككەنلىكىنى كىم ئاشكارىلىغان

ISSN 1671-1327

9 771671 132017 12>

2004 12



باغدادلىق قىز

# ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسى

يامغۇر توختىدى.

ئىنچىكە توك سىمىدا يامغۇر تامچىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسى توك سىمىدا بىر-بىرىگە قاراپ دومىلايتتى. مانا، ئۇلار ئۇچرىشىش ئالدىدا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، تېخىمۇ چوڭ تامچىغا ئايلىنىپ، قۇياش نۇرىدا رەڭگارەڭ چاقنايدۇ.

توك سىمىغا قونۇپ، ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغان بىر قۇش دەل شۇ پەيتتە توك سىمىدىن يېنىك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇچرىشىشقا ئازلا قالغان ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسى قۇش ئۇچۇپ كەتكەن دەقىقىدە كەينى-كەينىدىن يەرگە چۈشۈپ، بىردىنلا غايىب بولدى.

شۇ تاپتا مەن ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسىنىڭ ھاياتلىق يولىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىدەك ئىمكانىيەت پەيدا قىلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشنى كۈتۈپ تۇرغىنىمدا، ئارزۇيۇم تۇيۇقسىز كۆپۈككە ئايلاندى. راستتىنلا مۇشۇنداقلا كۆپۈككە ئايلىنارمۇ؟

ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسى تۇپراققا سىڭگەندە ئىشىنىمەنكى، ئۇلار تۇپراق ئاستىدا چوقۇم بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. توك سىمىدىكى ئىككى قەترە تامچىنىڭ ئۇچرىشىشتىن ئاۋۋال بىر-بىرىگە سۈركىلىپ، ئاندىن تۇپراققا سىڭىپ، سۇغا ئايلىنىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

ئىككى قەترە تامچە يەردە ياتماقتا. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئاشۇ تامچىنىڭ ئىزناسى بىر-بىرىگە قاراپ غۇلىچىنى كەڭ ئاچقان، بۇ ھالىتى قۇچاقلىشىش ۋە ئۇچرىشىشتىنمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ، سېغىنىش ۋە تەلپۈنۈشنىڭ شېرىن ئازابلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ زېمىنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇلار قالدۇرغان سۇ تامچىسىنىڭ ئىزناسى شامالدا قۇرۇپ، ئۇلار ياتقان زېمىن بىلەن بىر جان-بىر تەنگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ تېنى ۋە يان تەرىپىدىكى لاي-توپىلارغا ئىنسانلارنىڭ نەزەر ئىزنالىرى تەكشى سېپىلدى. شۇنداق، بىز ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئىككى قەترە يامغۇر تامچىسىدەك بولالمايمىز؟

# مۇندەرىجە


**ئەدەبىيات گۈلزارى**

تاقەتسىزلىك ........ ئاركادىي ئاۋېرچېنكو (روسىيە) 3

**شەخسلەر**

شېرودىرنىڭ دادىسىغا تەزىيە بىلدۈرۈشى ... يى مىڭ 6

**چەت ئەللەردە**

ئامېرىكىلىقلار راستىنلا دۆتمۇ .......... ژاڭ ئەننى 9

**خىلمۇخىل پىكىرلەر**

بىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت .......... جى خەن 13

يەتتە خىل ئادەم ...................... گو ژېي 17

**ھايات سەپىرىدە**

بىر ئادەمنىڭ تۆت خوتۇنى ...................... 18

كىچىك ئىشلار بىباھادۇر.......... ماريان لېباير 20

**ئىجادىيەت بېغى**

توكۇر تىلەمچى .......... زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت 22

**جەمئىيەت كۆزنىكى**

دۆلەتمەنلەر دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالدىم ..........
.......... جاڭ شىنياڭ 26

**بۇ ئالەمدە**

بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى .............. 29

سىزگە بىر مىليون يۈەن قەرز بېرەي ..................
.................................... جۇ يەنۇېن 33

**تارىخ بېتىدە**

لىن بياۋنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىنى كىم ئاشكارىلىغان
.................................... پېڭ جيەندۇڭ 34

**پىسخىك ھايات**

مېنىڭ ئايىغىم يوق، ئۇنىڭ پۇتى يوق..................
.......................... دالې كارنېگ (ئامېرىكا) 40

ئون ياشلىق بالىنىڭ لېكسىيىسى ......................
.......................... سۈي شيۇجيەن 43



2004 - يىلى 12 - سان

# تەرمىلەر

(ئايلىق ژۇرنال)

ئومۇمىي 139 - سان

باش مۇھەررىر
قادىر قاۋۇز
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مەسئۇل مۇھەررىر
ئىلدانە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتور
زەمىرە پىدائىي

ھەر ئاينىڭ 10 - كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

ژۇرنالدا سۆيەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن
ئالاقىلىشىڭ
(0991—2558674)

ژۇرنالنىڭ ماقالىلىرى گەنسۇ خەلق نەشرىياتىنىڭ «كىتابخانلار» ژۇرنىلىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

本刊是根据甘肃人民出版社出版的《读者》月刊选译出版

# ئاقەتسىزلىك

ئاركادىي ئاۋېرچېنكو (رۇسىيە)

ئىلدانە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

ئۇ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى تونۇشقانىدىم. ئۇ چاغدا مەن بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇراتتىم. مەن ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇنىڭ ئاغرىۋاتقان دۈمبىسىنى سىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېدىم:

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— نېمىشقا كېرەك بولمىغۇدەك؟ — دېدى ئۇ رايىشلىق بىلەن، ئارقىدىنلا يامان كۆرگەندەك بىر تەرىزدە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ قويدى.

— ئەمىسە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىڭ، — دېدىم مەن ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ.

ئۇ تەبەسسۇم بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم ساتسكىن.

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، بىرەر يېرىڭىز يارىلانمىغاندۇ؟

— نېمە دېسەم بولار؟ بەك ئېغىر يارىلانمىدىم، تېرەم ئازراق سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، كېرەك يوق.

— ئاشۇ ئايالنى دەپ يىقىلىپ چۈشتىڭىزغۇ دەيمەن - ھە! ھى، ھى... — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى قىسىپ.

— ھى، ھى! سىز ئەر - ئاياللار ھېكايىسىگە تازا قىزىقىدىكەنسىز - دە؟ بۇ توغرۇلۇق ئاجايىپ بىر يۇرۇش رەسىملەر بار، كۆرۈپ باقامسىزيا؟ بۇ كەسپنىڭ ئەھلىلىرى گېرمانىيىنىڭ رەسىملىرىنى فرانسىيىنىڭكىدىن نوچى دېيىشىدۇ.

— ياق، ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە قىلىمەن؟ — مەن ھەيران بولغىنىمدىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم، — ھەي، مەن سىزنى



بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ تونۇگۈن بىر ئەر سىزنى تراللېبۇستىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەنمۇ؟

— تونۇگۈن ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ كۈن بولدى. تونۇگۈن سىلەرنىڭ بۇ كوچىدا ئۇلار قاراڭغۇدا مېنى پەلەمپەيدىن ئىتتىرىۋەتتى، بىراق راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى پەلەمپەي دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ پەقەت يەتتىلا باسقۇچى بار پەشتاقتۇ؟

ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى ھەيرانلىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاغرىنىشقا باشلىدى:

— ئويلاپ باقسام، بۇ بالا - قازانىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇلارنى جىسمانىي سوغۇرتىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغانلىقىمدىن بوپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق قىلسام، ئۇلار ماڭا قەست قىلىۋاتىدۇ.

— گېپىڭىزچە، سىز جىسمانىي سوغۇرتا بېجىرگۈچى ئىكەنسىز - دە؟ — سورىدىم سوغۇقىنا، — ئەمىسە مەن سىزگە قانداق ياردەم قىلىمەن؟

— مېنىڭ بىر سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىزلا بولىدى، سىزنىڭچە بىزنىڭ قايسى خىل سوغۇرتىمىزدا ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە — پەرۋەردىگار سىزنى ئاغرىق - سىلاقتىن يىراق قىلغاي — سىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سوغۇرتا ھەققى تۇغقانلىرىڭىزغا قالىدۇ؟

— مەن ئۇنداق ئىشلارنى ئويلـ-

مايمەن ، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ ، — ئاخىرقى ئۆمرۈمنىمۇ ئويلىمايمەن ، باشقا ئىشلارنىمۇ ئويلىمايمەن ، مېنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقىنىممۇ يوق . . . مەن ئۆزۈم يالغۇز .

— خوتۇنىڭىزچۇ ؟

— مەن بويتاق .

— ئەمىسە سىز توي قىلىشىڭىز كېرەككەنغۇ — بۇ ئوڭاي ئىش ! مەن سىزگە بىر قىزنى تونۇشتۇراي ، ئۇ بەك چىرايلىق قىز ! 12 مىڭ رۇبلى قىز مېلى تەييار ، تېخى دادىسىنىڭ ئىككى دۇكىنىمۇ بار ! ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ سەل ئالدامچىلىق ئەيىبىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ قىزنىڭ باشقا ئەيىبىنى تاپالمايسىز ، ئۇ قارا چاچلىق گۈزەل قىز . ئەتە ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋېلىڭ ، ئەگەر بولمىسا ، ئۇبېروت ماگىزىنىدىن . . . بىزنىڭ شىركەتتىن . . . سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ . . .

— ساتىسكىن ئەپەندى ، — دېدىم مەن قارشىلىق بىلدۈرۈپ ، — بولدى قىلىڭ ، مېنىڭ توي قىلغۇم يوق ، مەن توي قىلسام بولمايدۇ ! مېنىڭ بىر ئائىلىنى باقالىغۇدەك ماغدۇرۇم يوق . . .

— ھە ! تەييارلىقىم يوق دەڭە ؟ نېمىشقا ؟ ئىلگىرى تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇمىدىڭىز ؟ قورقماڭ ! بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . مەن سىزگە بىر نەرسىنى تونۇشتۇراي ، ئۇ ھەربىر سوغۇق قان ئەر ئۈچۈن خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ . ئالتە مىڭ كىتابنى بىكارغا كۆرىسىز ! بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن تەشەككۇر سوۋغىتىمىز بار ! كىچىك بوتۇلكىلىق . . .

— ئۇ نەرسىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ ، — دېدىم ئاچچىق قىلىپ ، — ماڭا ئۇ نەرسىڭىزنىڭ كېرىكى يوق . مېنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتكۈدەك ھەپىسىلىم يوق ، ئۆزۈم پايىنەكۋاش ، سالپاڭ قۇلاقمەن ، يۈزۈمنى قورۇق باسقان ، بويۇم پاكار . . .

— نېمە دەيسىز . . . پايىنەكۋاش دەۋاتامسىز ؟ شىركىتىمىز ئىشلەپ چىقارغان دورىنى ئىشلەتسىڭىز — مەن ئۇنىڭ كەسپىي ۋاكالەتچىسى — چاچلىرىڭىز يىرىك چىقىدۇ ، ئۇ دورا خۇددى پالما مېۋىسىگە ئوخشايدۇ ! يۈزىڭىزدىكى قورۇق . . . قۇلىقىڭىزنىڭ ئەيىبلىرىنى بىر ئامال قىلىپ ئوڭشاپ كېتىمىز ! بويىڭىزنىڭ پاكارلىقىدىن ئەنسىرىسىڭىز بىزدە بىر خىل چېنىقىش سايمىنى بار ، يېرىم يىلغا قالماي 17.6 سانتىمېتىر ئۆسىسىز . شۇنداق قىلىپ ، ئىككى يىلدىن كېيىن توي قىلىسىز ، يەنە بەش يىلدىن كېيىن سىز نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۈرنەك بولۇپ قالىسىز ! يەنە قانداق گېپىڭىز بار ؟

— ھېچقانداق گېپىم يوق ! — دېدىم ئىككى قولۇمدا چېكەمنى قىسىپ ، — كەچۈرۈڭ ، تولا سۆزلەپ بېشىمنى قايدۇرۇۋەتتىڭىز . . .

— ئۇنىمۇ ھاربىزلا ساقايتىپ قويىمەن ! بىزدە بىر خىل مۇنچا جۇمىكى بار ، ئۇ تېخى پاتېنتقا ئېرىشكەن ، سۈيى دەھشەتلىك كۆپلۈك ، جۇمەكنى قاتلىغىلى ، ئاچقىلى بولىدۇ ، ئۇنىڭ سۇ پۈركۈگۈچلۈكلۈكىمۇ ، ئادەتتىكى جۈمەكلىكلىكىمۇ بار . سىز بەكمۇ ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنسىز ، سىزنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم . . . شۇڭا سىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى پۈركۈگۈچلۈكلۈكىنى ئىشلىتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن ، ئۇ سەل قىممەترەك بولغىنى بىلەن . . .

مەن تېرىكىپ ، بېشىمنى قاماللىدىم .

— بېشىڭىزنى نېمانچە چىڭ قىسىسىز ؟ بېشىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟ سىز بىزگە قانچە تال چىش پاستىسى ئالىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويسىڭىزلا شىركىتىمىز ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىدۇ .

— كەچۈرۈڭ ، — دېدىم مەن لېۋىمنى چىشلەپ ، — ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى بۇنچە ئاۋارە قىلماڭ ، مېنىڭ ۋاقتىم يوق ، بەك چارچاپ كەتتىم ، يەنە تېخى بىر تالاي زېرىكىشلىك ئىشىم بار ، ئەسەر يازىمەن . . .

— زېرىكىشلىك دەمسىز ؟ — دېدى ساتىسكىن ئەپەندى ھېسداشلىقى قوزغالغاندەك ، — سىزگە ئېيتسام ، يېزىقچىلىقنىڭ سىزگە زېرىكىشلىك بىلىنىشىدە سىز بىزنىڭ شىركەت مەخسۇس كىتاب كۆرۈش ، خەت يېزىش ئۈچۈن لايىھىلىگەن يانتۇ تەگلىك ئۈستەلنى سېتىۋالماپسىز ! ئۇنى ئىشلەتسىڭىز ئىنتايىن راھەت ھېس قىلىسىز . . . ئىككىسى يەتتە رۇبلى ، ئۈچى ئون رۇبلى . . .

— كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ ۋارقى-
رىدىم تاقەت قىلىپ تۇرالماي ، — ساتىكىن
ھېلى بىكار قەغەز باستۇرغۇچ بىلەن بېشىڭنى
ئېزىۋېتىمەن !

— قەغەز باستۇرغۇچ ؟ — ساتىكىن
ئەپەندى يېزىق ئۈستىلىمدىكى قەغەز باستۇر-
غۇچنى قولىغا ئېلىپ ، مەنسىتمىگەندەك دې-
دى ، — مۇشۇنىڭ بىلەنمۇ . . . بۇنى پۇۋ-
لەپ بېقىڭە ، ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدۇ ! ئۇنداق
قىلماڭ ، سىز ھەقىقىي ئېغىر قەغەز باستۇر-
غۇچقا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز ، مەن سىزگە
بىر خىلىنى تەۋسىيە قىلاي . . .

— مانا ھازىرلا ئادەم كېلىدۇ ، —
دېدىم توكلۇق قوڭغۇراقنى بېسىپ ، —
سىزنى ھەيدەپ چىقارغۇزۇۋېتىمەن !

ساتىكىن ئەپەندى جايىدا ئولتۇرۇپ قال-
دى ، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى
تۆۋەن سالدى ، شۇ تاپتا خوددى مېنىڭ سۆ-
زۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك
قىلاتتى .

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن قوڭغۇراقنى يە-
نە بىر قېتىم باستىم .

— قوڭغۇراق دېگەندەك ياخشى
نەرسە ، — دېدى ساتىكىن ئەپەندى بېشىنى
چايقاپ ، — بىراق مۇشۇنداق قوڭغۇراقنىمۇ
ئىشلىتىپ يۈرەمسىز ؟ ئاۋازىمۇ چىقمايدىكەن .
رۇخسەت قىلسىڭىز ، بۇيرۇقمۇ چۈشۈرەلەيدى-
غان ، باتارېيىلىك قوڭغۇراقنى تونۇشتۇراي ،
يەتتە رۇبلى 60 كوپېك خەجلىسىڭىزلا سېتى-
ۋالالايسىز...

مەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن
قاماللىغىنىمچە ئىشىك تەرەپكە سۆرىدىم .

— بۇ يەردىن تېز يوقال ، بولمىسا يۈرى-
كىم يارىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . . .

— پەرۋەردىگار پاناھىدا ساقلىغاي ،
ھەرگىز ئۇنداق بولمىسۇن ، لېكىن سىز خا-
تىرجەم بولۇڭ ، ئۆلۈپ كەتسىڭىز دەپنە مۇرا-
سىمىڭىزنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار-
لارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئۆلچىمى بويىچە ئۆتكۈ-
زىمىز . ئانچە دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ ، ھەر-
ھالدا مېيىت ماشىنىسىغا سېلىپ ، قەبرىستان-
لىققا ئاپىرىمىز . . .

مەن ئۇنى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەت-
تىم - دە ، ئىشىكنى يېپىپ ، ئاچقۇچ بىلەن
سولىۋالدىم ، ئاندىن يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئال-
دىغا كەلدىم .

بىر مىنۇتتىن كېيىن ئىشىككە كۆزۈم
چۈشۈپ قالدى ، ئىشىك تۇتقۇچى ئاستا بۇرۇ-
لۇپ ، ئىشىك سەل ئىتتىرىلگەندەك بولدى -
دە ، ھەيۋە بىلەن ئېچىلدى .

ساتىكىن ئەپەندى خىجىل بولغان ھالدا
ئۆيگە كىرىپ ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ دې-
دى :

— ئىلاجىسىز بىر ئىشنى سىزگە ئېيت-
تىپ قويغىلى كىردىم ، مۇشۇنىمۇ قولۇپ دې-
گىلى بولامدۇ . . . ئاستا تېگىپ قويسىلا ئې-
چىلىپ كېتىدىكەن ! مەندە ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ
ئېسىل قولۇپى بار ، بىرى ئىككى رۇبلى 40
كوپېك ، ئۈچىنى ئالسىڭىز ئالتە رۇبلى 50
كوپېك ، بەشىنى ئالسىڭىز . . .

مەن ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر تاپانچىنى
چىقىرىپ ، چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ ۋارقى-
رىدىم :

— سىنى ئېتىۋەتمەيدىغان بولسام !

ساتىكىن ئەپەندىنىڭ چىرايىدا رازىمەن-
لىك پەيدا بولدى :

— مەن بەك خۇشال بولۇۋ
كېتەتتىم ، — دېدى ئۇ ، — چۈنكى
سىز ماڭا بىر پۇرسەت بەردىڭىز ، بىزنىڭ
ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش پىنجەكمىزنىڭ قاي-
چىلىك سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بې-
رىدىغان بولدىڭىز . بۇنىمۇ سىزگە تونۇشتۇ-
راي ، بىرى 18 رۇبلى ، ئىككىنى ئالسىڭىز
ئەرزان بېرىمىز ، ئۈچىنى ئالسىڭىز تېخىمۇ
ئەرزان بېرىمىز . قېنى ئېتىڭە !

مەن تاپانچامنى تاشلاپ قويۇپ ، ساتىكىن
ئەپەندىنى غەزەپ بىلەن كۆتۈرگەن پېتى دېرى-
زىدىن تاشلىدىم .

— يېڭىڭىزدىكى تۈگمىڭىز بەك ئاجىز
ئىكەن ! توشۇكلۇك يېرى بەك ئۇچلۇق ئى-
كەن ، كۆڭلىكىڭىزنى يىرتىۋېتىدۇ ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە يۈزۈمنى جىجىۋەتتى . مەن سىزگە
ئافرىقىنىڭ سېرىق ئالتۇنى ئورنىتىلغان بىر
خىل تۈگمىسىنى تونۇشتۇراي ، بىر جۈپى ئىككى
رۇبلى ، ئۈچىنى ئالسىڭىز تېخىمۇ ئەرزان . . .

مەن دېرىزەمنى مەھكەم تاقىۋالدىم .



# شېرودېرنىڭ دادىسىغا تەزىيە بىلدۈرۈشى

● يى مىڭ ● بۇخەلچەم قادىر تەرجىمىسى

بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ، شېرو-
دېر رۇمىنىيىنىڭ سانۇما كەنتىدىكى قەبرىس-
تانلىقتا ، ئۆزى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان دادى-
سىغا ـــ مەڭگۈ تونۇمايدىغان ، مەڭگۈ چۈ-
شەنمەيدىغان بىر ئادەمگە تەزىيە بىلدۈردى .

1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ،
فرىتس شېرودېر توپ ئوقلىرى ئىچىدە جېنى-
دىن ئايرىلدى ، شۇ يىلى ئۇ 32 ياشتا ئىدى .
ئۇ شەرقىي قىسىم ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇشقا
قاتناشقان ھەم گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بى-
رىنچى دەرىجىلىك ئەسكىرى بولغان . سەپ-
داشلىرىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا ، ئۇ باش-
قىلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ، ئىشەنچلىك ،
ئىرادىلىك ئادەم ئىكەن .



ئۇ ئۆلۈشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئۆزى-
نىڭ ئوغۇللۇق بولغانلىقىنى بىلگەن ھەم ئال-
دىنقى سەپتە تۇرۇپ خوتۇنى ئېلىكاغا مۇنداق
خەت يازغان : «بۇ قېتىم ئوغۇل تۇغۇپسىز ،
مەن بەك خۇشال بولدۇم» ، ئۇ يەنە ئۈمىدۋار-
لىق بىلەن مۇنداق قوشۇپ قويغان : «كۆزدە
ئۆيگە قايتىپ بارىمەن» . ئەمما ، ئۇنىڭ ئۈمى-
دىنىڭ ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا خوتۇنى ۋە ئوغلى
بىلەن قايتا جەم بولۇش نېسىپ بولمىدى ،
دادىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بۇ ئوغۇل
ئۆسۈپ چوڭ بولدى ھەم گېرمانىيىنىڭ
زۇڭلىسى ـــ گېرخارد شېرودېرغا ئايلاندى .

ھازىرقى شېرودېر گېرمانىيىدە سىياسىي
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئېغىز ـ بۇرنىغىچە
تويدى . ئۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە بىر دەستە
گۈل قويۇپ سۈكۈتتە تەزىيە بىلدۈردى . ئۇ
ئاخىر ھاياتىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشتى . ئۈچ يىل ئىلگىرى ،
شېرودېر ھەدىسى گومشلود ھەم نەۋرە ھەدىلى-
رىدىن دادىسى دەپنە قىلىنغان يەرنى بىلگە-
نىدى ـــ ئۇلار ھەربىي تەرەپنىڭ تارىخىي
ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇپ بۇ خاتىرىنى بايقى-
غانىدى .

شېرودېر زۇڭلى مەھكىمىسىدىكى ئىش
ئۈستىلىگە دادىسىنىڭ ھەربىي فورما كىيىپ
چۈشكەن رەڭسىز سۈرىتىنى قويۇۋالغان ، كۆ-
رۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ
قويغاندەك ئوخشايدۇ .

فرىتس شېرودېر 1944 ـ يىلى 10 ـ
ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇرۇشتا ئالەمدىن ئۆتكەن ،
شۇ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋېنگرىيە ئەس-
كەرلىرى بىلەن مۈرنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئۇ-
رۇش قىلىۋاتاتتى . ئەمما ، ئاخىردا سوۋېت
قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇ-
رالمىدى . تۆت كۈن ئىلگىرى ۋېنگرىيە ئەمە-
لىيەتتە موسكۋا بىلەن سۆزلىشىشكە مەخپىي
ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، گىتلېرنىڭ لاگې-
رىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ، ئۇرۇشنىڭ تەھدى-
تىدىن ساقلىنىشنى ئويلىغانىدى . 10 ـ ئاي-
نىڭ 6 ـ كۈنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكى-

لىرى بۇداپېشتقا يېقىن يەردىكى پوستاغا يېتىپ كەلدى .

ۋېنگرىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەسلىدە 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاشنى ئويلىغانىدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ پىلانى مەغلۇپ بولدى . گېرمانىيىنىڭ يۆلىشى بىلەن ۋېنگرىيە ئوڭ قانات پارتىيىسى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تەختكە چىقىپ ، گېرمانىيە بىلەن قېرىنداش يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللىدى — بۇ ناتسىست گېرمانىيىسى يۆلىگەن ئەڭ ئاخىرقى قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى . شۇنداق قىلىپ ۋېنگرىيە ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ بىرونېۋىكلىرىغا مەھكەم باغلىنىپ ، ھالاكەتكە قاراپ ماڭدى .

ئۇ فرىتس شىرودىرغا مەنسۇپ تارىخ . 60 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئوغلى — گېرخارد شىرودىر يېڭى بۇرچنى زىممىسىگە ئالدى . 2001 - يىلى گېرمانىيە زۇڭلىسى رۇمىنىيىنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلىغانىدى ، ئەمما «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسى سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالدى . ھازىر شەرقىي ياۋروپانى زىيارەت قىلىشنىڭ سىياسىي پۇرسىتى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى . بۇ يىل پولشا ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم گېرمانىيىنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرىنى ۋارشاۋا قوزغىلىڭىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلدى ، ھەتتا ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەپ ، بۇ پولشا بىلەن گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنىڭ ئىپادىسى ، دېدى .

دادىسىنىڭ قەبرە بېشىنى سۈپۈرۈش شىرودىرنىڭ شەخسىي خاراكتېرىدىكى تەزىيە بىلدۈرۈش ھەرىكىتى . ئۇ جىمجىت قەبرە ئالدىدا خۇددى سىياسىي بۇرۇلۇشنىڭ ، دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ نازۇك پەيتىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇراتتى . ئوخشاشلا گېرمانىيە زۇڭلىسى ، ئوفىتسېر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان خېلمۇت سىممىت ھازىرغىچە مىلىتارىزمنىڭ شان - شۆھرىتىگە چوقۇنىدۇ ؛ ئەمما مۇلايىم خېلمۇت

كول 14 يېشىدا قېرىندىشى ۋالتېرنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشتىن نەچچە ئاي ئىلگىرى پاراشوتتىن سەكرەپ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى .

گېرخارد شىرودىر بىر ئەۋلاد گېرمانىيىلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ، ئۇلار دادىلىرىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ ، ياۋروپانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خارابىلىرىدە تىرىشىپ - تىرىشىپ چوڭ بولغان . ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا ئۆزلىرىنى ئەركەك دەپ ھېسابلىغان ، قول ياندۇرۇشقا توغرا كەلگەندە ھەرگىز باغرى يۇمشاقلىق قىلمايدۇ .

ئۇرۇشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى بېسىلىپ قالغان 1910 - يىلدىن 1925 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان كىشىلەر كەينى - كەينىدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 - يىللىرىدا يېڭى چىقىش يولى تاپتى ھەم ئادىل جەمئىيەتكە ، باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلدى .

تارىخىي پاكىتلار ئاشكارىلانغان بۈگۈنكى كۈندە ، شىرودىر شۇنداق دېيەلەيدۇكى ، ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىدىن خۇشال . ئەگەر ئۇ ئۇرۇشتا ئۆلمىگەن بولسا ، ئەسىرلەر لاگېرىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرايتتى . ئۇ توپ ئوقلىرى بولمىغان ، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ، تېخىمۇ شەپقەتسىز باشقا بىر ئۇرۇش مەيدانى .

ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەم تارىخنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ، ھەم قۇرۇلۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۇلار ساغلام ، خۇشال - خۇرام ئۆسۈپ يېتىلسىلا بولدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئوبرازى ھەم يارقىن ئەمەس ، ھەم بۈيۈك ئەمەس . ئۇلار ۋەتەن يولىدا جان پىدا قىلغان بولسىمۇ ، مۇتلەق قەھرىمان ئەمەس . تېخىمۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇلار پەقەت پېشكا ، تەۋەككۈلچى ، ھەتتا باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دەيدىغان ئەگەشكۈچىلەر .

ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا فرىتس شىرودىر تۇ-

# دۇنيادىكى ئەڭ پۇلغا يارايدىغان ئون ئىمزا

دۇنيادا مەشھۇر شەخسلەر ئۆز قولى بىلەن يازغان، قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئون ئىمزا بار. ئەنگلىيىلىك داڭلىق يازغۇچى شېكىسپېرنىڭ ئىمزاسىنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىمزاسىنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خالىتون: «شېكىسپېرنىڭ ئىمزاسىنىڭ قىممىتى ئەڭ يۇقىرى، چۈنكى ئۇ تارىختىن بۇيانقى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دراماتورگى» دېگەن.

XV ئەسىردىكى «مۇقەددەس ئايال» جېننادىنىڭ ئىمزاسىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. جېنناد فرانسىيىلىك دېھقاننىڭ قىزى، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشىدىكى ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماسلىقتەك باتۇرلۇقى ۋە روھىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. «ژېننى» دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان ئىمزانىڭ سانى ناھايىتى ئاز.

بېتونگېيۇننېت «ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئىمزاسى تەخمىنەن 35 دىن 40 قىچە، قىممىتى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەربىرى 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

ئىمپېراتور ۋىلىيام II ئەسىردە ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرغان نورماندىيىلىك كىنەز، ئۇ ھۆججەتلەرگە ئۆز ئارا كېسىشكەن ئىككى تال سىزىق سىزىپ قوياتتى، ئاندىن ئۇنىڭ كاتىپى بۇ سىزىقنىڭ يېنىغا «ئىمپېراتور ۋىلىيام» دەپ يېزىپ قوياتتى. قىممىتى 125 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

VIII～XI ئەسىردىكى فرانسىيە ئىمپېراتورى كارولۇسنىڭ ئىمزاسى ئالاھىدە، ئۇ ئىسمىنى يازغاندىن سىرت، ئىسمىنىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل سىزىپ قوياتتى. شۇڭا ناھايىتى قىممەتلىك، قىممىتى 125 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

XV ئەسىردە يېڭى قۇرۇقلۇقنى تاپقان دېڭىزچى كولومبو ئىمزاسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزگىچە رەسىم سىزىپ قوياتتى. ھازىر قىممىتى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمزاسىنىڭ قىممىتى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئۇنىڭ تۆت - بەشلا ئىمزاسى ساقلىنىپ قالغان.

ئامېرىكىنىڭ تۇنجى دۆلەت بايرىقىنى ياسىغان بېسسېرۇت خانىمنىڭ ئىمزاسىدىن ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ئەڭ قىممىتى 90 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

ئىتالىيە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى سەنئەت پېشۋاسى داۋىنچى ئىمزاسىنى تەتۈر يازاتتى، ئۇنى پەقەت ئەينەكتىلا ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قىممىتى 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

شېكىسپېردىن كېيىن ياشىغان XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيىلىك يەنە بىر داڭلىق دراماتورگ ئىمزاسىنىڭ قىممىتى 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئونىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

---

رۇشلۇق قىسىم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلغان بولسا، قانداق ئىشلار يۈز بېرەتتى؟ ئۇلار ۋېنگرىيىدىن 400 مىڭ يەھۇدىينى ئوسۋېنتسىمدىكى ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىغا ئاپىرىپ، كۆپ قىسمىغا زىيانكەشلىك قىلغان بولاتتى.

گېرخارد شېرودىرغا شۇ نەرسە ئايانكى، ئەگەر ناتسىست مىلىتارىزم پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك ئەركىن ۋە گۈللەنگەن گېرمانىيە بولمايتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈشى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئۇ ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمىدى، ئەركىنلىك ئۈچۈنمۇ ئۆلمىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا بىر خىل ھاياتلىقنىڭ يوقىلىشى. شېرودىر دەل ئىنسانىي مۇھەببەتنى چىقىش قىلىپ، دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، ئۇنىڭغا سەممىي تەزىيە بىلدۈردى.



# ئامېرىكىلىقلار راستىنلا دۆتمۇ

● ۋاڭ ئەننى
● راھىلە رامىزان تەرجىمىسى

## «دۆت ئامېرىكىلىقلار»

ئامېرىكىغا بېرىپ باققان ياكى ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ باققان بىر قىسىم جۇڭگولۇقلار تارىخى قىسقا، ئەمما ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان بۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ھەم قابىلىيەتلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. جۇڭگولۇقلار بىر يەرگە جەم بولسىلا «بۇ ئامېرىكىلىقلار نېمانچىۋالا دۆتتۇر» دېيىشىپ، مەسخىرە قىلىشىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ «دۆت»لۇك قىلىدىغان ئىشلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ، ھېسابلاشتا قىزىقماسلىق بارلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئورتاق كېسىلى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، نەچچە مىڭ يىل ھېسابلاش بىلەن ئۆتكەن جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارسا، كۆپ ساندىكىلىرى تەبىئىي پەننى تاللايدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىش ھەققى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بوغالتىرلىق، مالىيە كەسپلىرىگە ئائىت خىزمەتلەرنى ئىزدەيدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىشىپ ئوقۇش، ئۆلۈك يادلاش، «مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئويۇنى» ئويناشقا ئادەتلەنگەن. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ئويۇنغا ئامراق، يېڭى شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، شۇڭا ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئوقۇش مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنى مەرد، مەردانە دېيىشكە بولىدۇ. شىركەتلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئامېرىكىلىقلار خوجايىنىغا دادىللىق بىلەن پىكىر بېرەلەيدۇ، ھەتتا پىكرى ئورۇنلۇق بولسا خوجايىنلىرى بىلەن ئېلىشىشتا جۈرئەت قىلالايدۇ. جۇڭگولۇق ياللانما خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى مۇلايىم، ئېھتىياتچان، تاماق قاچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالغاندا ھەمىشە قارشى تەرەپكە يول قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما «كاللىسى ئىشلىمەيدىغان» ئامېرىكىلىقلار ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ سوتقا ئەرز قىلىشىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىشنى بىلگەچكە، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلمايدۇ ياكى يالغانچىلىق قىلمايدۇ، يولدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، يولدا ماشىنا بولمىسىمۇ خېلى بىر يەرگىچە مېڭىپ، يېشىل چىراغ يانغاندا پىيادىلەر يولىدىن ئۆتىدۇ.

ئامېرىكىلىقلار نەرسە ساتقاندا تېخىمۇ «دۆت»لىشىپ كېتىدۇ. ئۆز ماللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلىگەندىن سىرت، يەنە ئۇ-

نىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، جۇڭگودا مەيلى ئېلان بەرگۈچى ياكى مال ساتقۇچى بولسۇن، مەھسۇلاتنى ۋە مۇلازىمەتنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سودىدا نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار بەزىدە ھەقىقەتەن «دۆت»لىشىپ قالسا كېرەك.

## ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىقلار ئىنتايىن ئەقىللىق

دۇنيادا ئەڭ باي دۆلەتنى بەرپا قىلغان ئامېرىكىلىقلار راستتىنلا شۇنداق «دۆت»مۇ؟ مەن ئامېرىكىدا ئون يىل تۇرۇش جەريانىمدا، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ساھەلەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەڭ ئەقىللىسى قوشۇش ـ ئېلىش ئەمەللىرىنى توغرا ئىشلىيەلمەيدىغان ئامېرىكىلىقلار دۇنيادىكى تۇنجى كومپيۇتېرنى كەشىپ قىلىپ، بارلىق ھېسابلاشلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئامېرىكىلىقلار پۇل ساناپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى بانكا ئامانەت كارتىسى ئىشلىتىدۇ.

قارىغاندا، ئۇلار زېھنىنى تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتىدىغان، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قاراتسا كېرەك، داڭلىق ماركا يارىتىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ۋە بەلگە يارىتىش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ قالتىس ھۈنىرى ئىكەن. ماك دونالد، كېنتاكىي قاتارلىق ئەجنەبىيلەر تائاملىرىنى بەسلىشىپ يېيىش جۇڭگودا مودا بولۇپ قالدى. ئەمما، جۇڭگو ئاشپۇزۇللىرىنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولغان بىلەن ساناپ بېرەلىگۈدەك داڭلىقلىرىدىن قانچىسى بار دەيسىز؟

بۈگۈنكى كۈندە، پۇلدار ئامېرىكىلىقلار ھېساب كىتابقا تېخىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئورگانلار ھىندىستاندا قۇرۇلدى. جۇڭگو ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بولۇپ قالدى. بىزدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەرزانلىقى ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى. بىزدىكى خام ماتېرىياللار تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئۇلار تۆۋەن تەننەرختىكى مەھسۇلاتلارنى يۇقىرى باھالىق تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ بىزدىن ھەسسىلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋالدى. ھەتتا بۇ ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ساقلاپ قالدى. قارىغاندا ئامېرىكىلىقلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان جۇڭگولۇقلار كىچىك ئىشلاردا ئەقىللىق بولغىنى بىلەن، «چوڭ ئىشلاردا» ئامېرىكىلىقلارنىڭ «قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك».

## جۇڭگولۇقلار ئەقىللىقلىقىدىن دائىم سودا پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ

بىر ئامېرىكىلىق جۇڭگودىكى مەزگىلىدە گولف توپ مەيدانىغا يېقىن جايدىكى بىر نىمەكەش بىناغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ ئامېرىكىلىق ئۆي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تور ئارقىلىق بىر ۋاستىچىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بىنانى سېتىۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئامېرىكىلىقنىڭ جۇڭگولۇق دوستى ئۇنىڭغا، بەك دۆت ئىكەنسەن، باشقىلارغا بىكاردىن پۇل بېرىپ نېمە قىلىسەن، دەپتۇ. ئەمما، ئامېرىكىلىقنىڭ نەزىرىدە ۋاستىچىلىك پۇلى بېرىش ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەن، چۈنكى بىرىنچىدىن، ۋاستىچىلەر باھاغا پىششىق بولغاچقا، ئەڭ مۇۋاپىق باھانى ئوتتۇرىغا قويالايدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆي سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەپ قېلىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدىكەن.

جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىدا تاۋارنى تېز سېتىش، ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرى «مال قايتۇرۇش» مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان. شۇڭا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن هامان بۇنداق ماگىزىنلارغا بېرىپ، بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكا سېتىۋېلىپ، خىزمەتچى خادىم قوبۇل قىلىش ئورنىغا كىيىپ بارىدۇ. بىرەر خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە ماگىزىنغا بېرىپ كاستۇم - بۇرۇلكىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئامېرىكىنىڭ سودىگەرلىرى بۇنداق «ئويۇن ئويناشقا» راستتىنلا رازىمەنلىك بىلەن ئالدىنىپ ئولتۇرارمۇ؟ ياق، ئۇلار ئايرىم خېرىدارلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا چىداپ تۇرۇشقا رازىكى، ماگىزىننىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشنى هەرگىز خالىمايدۇ. چۈنكى، ئىناۋەت ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پايدا. هەقىقىي زور بايلىق سەممىيلىكتىن كېلىدۇ. مانا بۇ ئەقىللىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ هەقىقىي مەقسەت - مۇددىئاسى.

## زادى كىم دۆت، كىم ئەقىللىق

ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئانچە - مۇنچە يالغان سۆزلەپ قويۇش، سودىدا هىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىش بەدىلىگە ئىناۋىتىنى يوقىتىپ قويۇش ئەڭ زور زىيان تارتقان بىلەن باراۋەر. كۆپ خانىلىق سانلار ئۈستىدە تەكرار هېسابلاش ئېلىپ بېرىشقا كەتكەن نۇرغۇن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىش ئەۋزەل.

زادى كىم ئەقىللىق، كىم دۆت؟ «دانا، ئۆزىنى بىلىملىك چاغلايدىغان» كىشىلەر مىليونېر بايۋەچچىلەرگە، خەلقئارا ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئايلانسا، ئىنچىكە هېسابلاپ قىلنى قىرىققا يارىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەقىللىق سانايدىغانلار ئەمەلىيەتتە بىر ئۆششاق تىجارەتچىلەر، ئېلىپ ساتارلار. هازىرقى زاماندا «دۆت»لەر قالمىدى، باشقىلارنى «دۆت» چاغلايدىغانلار ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئەڭ چوڭ دۆت - كالۋالار.

## يېڭى ئەسكەرنىڭ مېدالى

● تيەن يۇ

بىر يەكشەنبە كۈنى، پوپ مۇنداق بىر بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

پوپ قىسىمدا هەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقاندا، بىر كۈنى مەشىقتە قوماندان يالغان قول بومبىسىنى ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆپچىلىك ھەممىسى پارتلاشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئالدىراپ - تېنەپ دالدىلىنىپتۇ. قوماندان كۆپچىلىككە بۇ بومبىنىڭ ئىچىدە پىستان يوقلۇقى، ئۇنىڭ پارتلىمايدىغانلىقى، ئۇنى پەقەت ئەسكەرلەرنىڭ ئىنكاسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئاتقانلىقىنى تاپىلاپتۇ. ئەتىسى قىسىمغا بىر يېڭى ئەسكەر كەپتۇ. قوماندان كۆپچىلىككە بۇ سىناقنى ئۇنىڭغا ئېيتماسلىقنى ئېيتىپتۇ. قوماندان قول بومبىسىنى ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئاتقاندا، يېڭى ئەسكەر بۇ بومبىنىڭ پارتلىمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى قول بومبىسىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ، ئۇنىڭ پارتلاپ باشقىلارنى يارىلاندۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بوپتۇ. ئۇ سەپداشلىرى ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىكەن.

شۇ يىلى بۇ يېڭى ئەسكەر پەقەت جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەر ئېلىشقا تېگىشلىك مېدالغا ئېرىشىپتۇ. هەربىي قىسىم ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە شەخسىيەتسىزلىكىنى تەقدىرلەپتۇ.

# ئامېرىكىلىقلارنىڭ «تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپى»

روسىيىنىڭ «ھەقىقەت گېزىتى»گە بېسىلغان «ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلار ھەققىدە چاقچاق» دېگەن ماقالە ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلارغا قىلىنغان بىر مەسخىرە.

1. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىق قىز ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يانفوندا سۆزلىشىۋاتقىنىدا، ھېلىلا ئالغان بىر ئىستاكان قىزىق قەھۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن ماشىنا ئورۇندۇقىغا تۆكۈلۈپ كەتسە، ئۇ قەھۋەنى ئالغان يەرگە بېرىپ، قەھۋەنى نېمانچە قىزىق دەملەيسىلەر، دەپ ئەيىبلەيدۇ.

2. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بالىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ بۇنى تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكانتلىرىدىن ياكى بالىسى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق مۇزىكانتلاردىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن.

3. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىق بىر كۈندە ئۈچ قاپ تاماكا چېكىپ ئۆزۈلدۈرمەي 40 يىل چەككەندىن كېيىن ئاخىر ئۆپكە راكى بىلەن ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى تاماكا شىركىتىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەتتا تاماكا شىركىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، تۆلەم تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن.

4. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىقنىڭ قىزى مەكتەپ زەيتۇن توپ كوماندىسىنىڭ كوماندا باشلىقى بىلەن ئارىلىشىپ ھامىلدار بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپنىڭ جىنسىي بىلىملىرىگە بولغان تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

5. بىر ئامېرىكىلىق ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەپ، بىر دەرەخكە ئۇسۇۋالسا، بۇ ئادەم ھاراق ئىچكەن شۇ مەيخانىنىڭ كۆتكۈچىسى بالاغا قالىدۇ.

6. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىقنىڭ تۇغقىنى مىكروبلانغان ئىسپىرت بىلەن ئۆزىگە ئوكۇل ئۇرغاندا، ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ قالسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، چۈنكى ھۆكۈمەت بىمارلارنى دېزىنفېكسىيىلەنگەن ئىسپىرت بىلەن تەمىنلەش بۇرچىنى ئادا قىلمىغان.

7. ئەگەر بىر ئامېرىكىلىقنىڭ نەۋرىسى ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان ئىش قىلسا، ئائىلىسىدىكىلەر بارلىق گۇناھنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا قويىدۇ، ئۇلارنى دائىم زوراۋانلىق فىلىملىرىنى قويۇپ، بالىلارنى يامان ئۆگىتىپ قويغان دەيدۇ.

8. ئەگەر قايسىبىر ئامېرىكىلىق كاللىسىدىن ئېزىپ دوستىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئامېرىكىلىقلار گۇناھنى قورال ـ ياراغ ياسىغانلارغا ئارتىدۇ.

9. ئەگەر ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندا ئەقلىدىن ئازغان بىرەرى ئۇچقۇچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، نەتىجىدە ئۆزى ئايروپىلاندىكى يولۇچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنداقتا ئۆلگۈچىنىڭ ئاپىسى بۇ گۇناھنى ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە قويىدۇ ھەمدە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ.

10. بىر ئامېرىكىلىق ئائىلىسىدىكىلەرى بىلەن دوستلىرىغا شۇنداق تاپىلايدۇ: «مەن ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولدۇم، بۇ دۇنيانىمۇ خېلى چۈشىنىپ قالدىم. لېكىن، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىلەر چوقۇم مەن ئۈچۈن بىل گاتىستىن ئۆچ ئېلىڭلار.»



# بىلىم ئۆگىنىشتىكى مەقسەت

جى خەن — مەمەتجان ساتتار تەرجىمىسى

ئاۋۋال سىزدىن ئۈچ مەسىلىنى سوراپ
باقاي : نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇيسىز ؟ مەكتەپتە
ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟ ئۇ
نەرسىلەرنى ئۆگەنسە كەلگۈسىدە قانچىلىك
ئەسقاتىدۇ ؟

ئەمەلدارلارچە ، توغرا ، ئىجابىي جاۋاب
مۇنداق بولۇشى كېرەك : بىلىم ئۆگىنىش ئۇ-
چۇن ؛ ئىقتىدارىنى ئۆستۇرۇش ئۇچۇن ؛ ئا-
ساسنى پۇختىلاپ ،كەلگۈسىدە ۋەتەننىڭ قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرى ئۇچۇن بىر كىشىلىك ھەسسە
قوشۇش ئۇچۇن .

شۇنداقمۇ ؟ راستمۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ، ھەقىـ-
قىي ، سەمىمىي ، ئەمەلىي جاۋاب مۇنداق بولۇ-
شى كېرەك : چۈنكى بالىلار بەك كۆپ ، جەم-
ئىيەتتە يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالسا قالاي-
مىقانچىلىق چىقىرىدۇ ، شۇڭا مەكتەپكە ئاپى-
رىپ بەرسەك ياخشى باشقۇرىدۇ ؛ ئاساسىي
جەھەتتىن … ئانچە پايدىسى يوق ؛ ئەڭ كۆپ
بولغاندىمۇ پەقەتلا 10% ئەسقاتىدۇ .

ئاتا ـ ئانىلار ، جىددىيلەشمەڭلار ، بۇن-
داق دېسەم مەكتەپتە ئوقۇغاننىڭ ئازراقمۇ پاي-
دىسى يوق دەۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار .

بىر مىسال كەلتۇرەي : مەن دۈملەپ پى-
شۇرۇلغان كاراپ بېلىقىدىن بىر تەخسە ئەكې-
لىپ ، سىزدىن ئۈچ مەسىلىنى سوراي : بېلىق

قوۋۇزى يېيىشلىكمۇ ؟ بېلىق قانتى يېيىش-
لىكمۇ ؟ بېلىق قۇيرۇقى يېيىشلىكمۇ ؟

سىز چوقۇم ، يېيىشلىك ئەمەس ، دەپ
جاۋاب بېرىسىز ، ئەجەبا بۇ كاراپ بېلىقىنىڭ
يېيىشلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەمدۇ ؟ ئې-
نىقكى ، بۇ بىمەنىلىك .

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر مەكتەپتە
ئۆگەنگەن نەرسىسىنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق-
لۇقىنى تونۇپ يەتكەن .

باشقىسىنى قويۇپ ئۆگىنىش مەزمۇنىنىلا
ئالايلى . كۆپ مەزمۇننىڭ ھەقىقەتەن پايدىسى
يوق . ئادەمنى قىينايدۇ ، نوقۇل بالىلارنى ئا-
نىي تاپقانلىق ، كېچىلەپ ئۆگىنىپ ، ئىمتىھان
ۋاقتىدا ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىپلا
ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسا ھېچ ئىش يوق .

ئۇنداق بولمىسا ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا-
نىدىن كېيىن نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى
كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ؛ مەن بۇنىڭغا
ئازراقمۇ قارشى تۇرمايمەن ، كۆيدۈرۈلگەن
كىتابلارغا ئازراقمۇ ئەپسۇسلانمايمەن . مەن
كىتابلىرىمنى كۆيدۈرۈۋەتمىدىم ، چۈنكى مې-
نىڭ ئۇ كىتابلارنى خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ
قويغۇم بار ، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئۆمرۈمدە
ئۇ كىتابلارنى شۇنچىلىك ئاسرىدىم ، كىر قون-
دۇرمىدىم .

ئۇ نەرسىلەرنى «پايدىسى يوق» دېسە بولىدۇ. ئۇنداقتا سىز: «پايدىسى بولمىسا ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇنداق دېسىڭىز بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ، «پايدىسى يوق» دېگەنلىك «ۋاقىت ئىسراپ قىلىش» دېگەنلىك ئەمەس.

بۇ يەردە «پايدىسى يوق» دېيىشىم نۇرغۇن بىلىملەرنى كەلگۈسىدىكى خىزمەت، ئىشلاردا زادىلا ئىشلەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن دېگەنلىك، ئەمما هازىرقى باسقۇچتا، بۇ بىلىملەرنىڭ باشقا ئىشلىتىلىش يوللىرى بار، ئۇنى «قورال»، «ۋاسىتە» قىلغىلى بولىدۇ.

مەكتەپتە ئوقۇشتىكى مەقسەت قانچىلىك بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى قانچىلىك چۈشىنىش ئەمەس، بەلكى بىلىمنى «قانداق هەزىم قىلىش» ۋە «قانچىلىك چۈشىنىش»نى بىلىش بولۇشى كېرەك.

مۇئەللىم دەرس ئۆتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى كىتاب كۆرىدۇ، تەكرار قىلىدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، ئىمتىهان بېرىدۇ ... بۇلاردىن مەقسەت بالىلارغا بۇ بىلىملەرنى ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا بىلىم قوبۇل قىلىشنى هېس قىلدۇرىدىغان، ماهارەت ئۆگىتىدىغان بىر جەريان، بالىلارنى ئاستا - ئاستا «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» ماهارىتىگە ئىگە قىلىدىغان جەريان. بۇ «جەريان» ئىنتايىن مۇهىم، ئۇ مائارىپنىڭ ماهىيەتلىك مەقسىتى، بالىلار ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى مەنپەئەتلىنىدۇ.

بىلىم دېڭىزى چەكسىز، ئۆگىنىشكە، چۈشىنىشىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بەكمۇ كۆپ. ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭمۇ هەممە ئىشنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن. بىلمەيدىغان نەرسە مەڭگۈ بولغانىكەن، بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئەڭ مۇهىم.

مەكتەپتە ئاتالمىش «ئاساس سېلىش» ئەمەلىيەتتە قانداقتۇر «بىلىم ئاساسى»نى ئەمەس، بەلكى «ئۆگىنىش ئىقتىدارى»غا ئاساس سېلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەكتەپتە بۇ ئىقتىدارنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە چىققاندا بۇ ئىقتىداردىن پايدىلىنىپ يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆگەنگەندىلا، جەمئىيەتكە ماسلاشقىلى، يېڭى قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى تەربىيىلىگەن ۋە يېتەكلىگەندە بىلىمنى ئەمەس، ئىقتىدارنى تەكىتلىشى كېرەك.

ئىككى ئادەم بار دەپ پەرەز قىلايلى، بىرىنىڭ بىلىمى ئاز، ئەمما ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئالاهىدە كۈچلۈك، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىگىلىشى ناهايىتى تېز؛ يەنە بىرىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاز ئەمەس، ئەمما يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىگىلەش ئىقتىدارى ئاجىز. سىزنىڭچە قايسىسىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى هەم يوشۇرۇن كۈچى بار؟ يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، قايسىسى ئالدىدا ماڭىدۇ؟

بۇ «دەسلەپكى تېزلىك» ۋە «تېزلىنىش» مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك. جاۋابى ئەلۋەتتە بىرىنچى ئادەم، چۈنكى ئۇ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنەلەيدۇ، ئۈزلۈكسىز ئىگىلىيەلەيدۇ، ئۈزلۈكسىز هالقىپ كېتەلەيدۇ.

بۇ قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، «مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ كەلگۈسىدە ئانچە پايدىسى يوقلۇقىنى» چۈشەندۈرۈش تەس ئەمەس. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر پەقەت ئوقۇتۇش قورالى، ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان بىر ۋاسىتە. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىش يولى: بالىلارغا «بىر ناتونۇش نەرسىنى هەرقايسى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ، بىر تونۇش نەرسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى» هېس قىلدۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت.

بالىلار بۇ جەرياننى كۆپ قېتىم هېس قىلسا، بۇ جەريانغا پىششىق بولسا، كېيىن

# كىتاب ۋە ئادەم

جاڭ شياۋشيەن

قىزىق ئىش، بەزى كىتابلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە، ئانچە قىزىقارلىق بىلىنمەيدۇ. كاللىڭىزدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۇ كىتابنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز - دە، تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقماقچى بولىسىز.

بىز يېگەن بەزى نېمەتلەرمۇ شۇنداق. يېگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئانچە يېيىشلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسىز، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك بولىسىز - دە، يېيىشكە ئالدىرايسىز.

بەزى ئادەملەرمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن چېغىڭىزدا ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلمەيسىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ ئىشلار كاللىڭىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ، ئۆزىڭىز زېرىككەن ياكى قولىڭىز ئىشقا بارماي قالغان چاغلاردا، بىرگە بولغان چاغلىرىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىدۇ. كۆنلەر ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. قايتا - قايتا ئەسلەش، قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، پەقەت ئۇنىڭلا سىناقتىن ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن ئىدى، سىز نېمىشقا بۇنى ئەمدى چۈشەندىڭىز؟

ئىلگىرى چۈشەنمىگەننى ئەمدى ئاخىر چۈشىنىپسىز.

ئىلگىرى دائىم ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشاتتىڭىز، ھازىر ئۇنىڭ سوقۇشقان ۋاقىتلاردىمۇ ئىنتايىن ئوماق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئىككى ئادەم بىر يەرگە كەلگەندە، قارشى تەرەپنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلالمايسىز. پەقەت ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ناچار بىرىگە يولۇققان چېغىڭىزدا ئۆتكەن كۆنلەرنى ئەسلەيسىز، ئەپسۇس، ئۇ پەقەت ئەسلىمە، خالاس.

قىزىل ھاراق ئىچكەنلەرلا ئۇنىڭ «لەززىتى»نى ھېس قىلالايدۇ، بىر يۇتۇم ھاراق ئېغىز ئارقىلىق، گالدىن ئۆتكەندە، تاتلىق تېتىپ، «لەززەت» بېغىشلايدۇ. بەزى كىتابلار، بەزى ئادەملەردىمۇ ئەنە شۇنداق «لەززەت» بار.

---

چۈشىنىپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك يېڭى بىلىملەرگە يولۇققاندا، ئۇنى قانداق چۈشىنىش، ئىگىلەش، ئۆزلەشتۈرۈشنى، يېڭى شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆزىنىڭ بىلىمىگە ئايلاندۇرۇشنى بىلىۋالالايدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەكتەپتىكى بىلىملەر ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق بىر خىل «نەرسە»، بىر «مودېل»، ئادەمنى ئەخمەق قىلىدىغان بىر «قورال» تۇرسا، سىز نېمىشقا ئۇنىڭ ئەسقېتىشىنى تەلەپ قىلىسىز؟

ئاتا - ئانىلار، بالىلار، «مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ پايدىسى يوق» دەپ زارلانماڭلار! نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىلەر؟ ئەسلىدىلا پايدىسى يوققۇ! سىلەرچىچۇ!؟

ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگىنىش مەقسىتىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشى بولۇشى كېرەك. توغرا تونۇش بولغاندا، ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىلا، ھەقىقىي مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

«ئۆگىنىشنىڭ خاتا رايونى»دا تۇرۇۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايدىغان، توختىماي زارلىنىدىغان ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلار ئويقۇسىنى ئېچىشى كېرەك. دەرسلىكتىكى نەرسىلەردىنمۇ بەك ئەسقاتمايدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار.

كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ بىزنىڭ «سۆيۈملۈك» مائارىپىمىزغا قاراپ باقايلى!



# قايسى خىلدىكى ئادەمنى ياقتۇرىسىز

خالبۇۋى رەجەپ تەرجىمىسى

ناھايىتى ئاتاقلىق بىر پسىخىكا پروفېسسورى مۇنداق بىر سىناق ئېلىپ بېرىپتۇ ، ئۇ تۆت بۆلەك ۋەقەلىكتىن تۈزۈلگەن زىيارەت خاتىرىسى سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئۆزى سىناق ئېلىپ بارماقچى بولغان ئادەملەرگە قويۇپ بېرىپتۇ .

بىرىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدا رىياسەتچىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان كىشى ناھايىتى مۇنەۋۋەر ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس ، ئۇ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشتا شادلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . رىياسەتچىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى تەبىئىي ، سۆزلىرى پاساھەتلىك بولغان ، ۋۇجۇدىدىن ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرغان ، ئازراقمۇ قورۇنمىغان . ئۇنىڭ قالتىس ئىپادىسى تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

ئىككىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدا رىياسەتچىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان كىشىمۇ ناھايىتى مۇنەۋۋەر ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس ئىكەن ، لېكىن ئۇ سەھنىدە بىرئاز قورۇنغان . رىياسەتچى تاماشىبىنلارغا ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا ، ئۇ جىددىيلىشىپ كېتىپ ، ھەتتا ئۈستەلدىكى قەھۋەنى ئۆرۈۋەتكەن ، قەھۋە رىياسەتچىنىڭ ئىشتىنىنى ھۆل قىلىۋەتكەن .

ئۈچىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدا رىياسەتچىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئاددىي بىر ئادەم ، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى شەخسلەردەك ياراتقان نەتىجىلىرى يوق ، پۈتۈن زىيارەت جەريانىدا ئۇنچە جىددىيلىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتالىغۇدەك سۆز قىلالمىغان .

تۆتىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدا رىياسەتچىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئۈچىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدىكى كىشى بىلەن ئوخشاش ، ئۇمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئىدى . زىيارەت جەريانىدا ، ئۇ ناھايىتى جىددىيلىشىپ ، ئىككىنچى سىنئالغۇ لېنتىسىدىكى كىشىدەك قەھۋەنى ئۆرۈۋېتىپ ، رىياسەتچىنىڭ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتكەن .

پروفېسسور بۇ تۆت بۆلەك سىنئالغۇنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزى سىناق ئېلىپ بارماقچى بولغان ئادەملەرگە يۇقىرىدىكى تۆت ئادەم ئىچىدىن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئادەمنى ۋە ئۆزى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ئادەمنى تاللاپ چىقىشنى ئېيتىپتۇ .

سىناقنىڭ نەتىجىسىنى بىلگۈڭىز بارمۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرمايدىغىنى ئەلۋەتتە تۆتىنچى سىنئالغۇدىكى ھېلىقى ئەپەندى بولغان ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى تاللىغان . قىزىقارلىق يېرى ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغىنى بىرىنچى سىنئالغۇدىكى شەخس بولماس-

# يەتتە خىل ئادەم

گو ۋېي

مەلۇم بىر ئىدارىدە مۇنداق يەتتە خىل ئادەم بار ئىدى : ھەرقانداق ئادەم ، ھەربىر ئادەم ، كۆپ سانلىقلار ، ئاز سانلىقلار ، بەزىلەر ، ئايرىم ئادەملەر ، ھېچكىم .

ئىدارىنىڭ قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈملىرى بار ئىدى ، «ھەرقانداق ئادەم» خىلاپلىق قىلماسلىق ، تۈزۈمگە رىئايە قىلىشى شەرت . «ھەربىر ئادەم» چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ ، «كۆپ سانلىقلار» رىئايە قىلدى ، «ئاز سانلىقلار» خىلاپلىق قىلدى ، «ئايرىم ئادەملەر» بۇنى «بەزىلەر»گە قارىتىلغان دەپ قارىدى . «ئايرىم ئادەملەر» رىئايە قىلىشنى خالىمىغاچقا ، «ھەربىر ئادەم»نىڭ ھەممىسى «ھەرقانداق ئادەم» رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى «ھېچكىم» ھېس قىلمىدى .

ئىدارىدە نۇرغۇن مۇھىم خىزمەتلەر بار . بۇ خىزمەتنى «بەزىلەر»نىڭ قىلىدىغانلىقىنى «ھەربىر ئادەم» بىلىدۇ ، بۇ ئىشنى «ھەرقانداق ئادەم» قىلالايدۇ ، بىراق «ھېچكىم» قىلمىدى . «بەزىلەر» ئىنتايىن ئاچچىقلاندى ، چۈنكى بۇ «ھەربىر ئادەم» قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى . «ئاز سانلىقلار» «كۆپ سانلىقلار»نىڭ ھەممىسى قىلىشى كېرەك ، دەپ ئويلىدى . بىراق ، «ھەربىر ئادەم» قىلىشنى خالىمىغاچقا ، «ھەرقانداق ئادەم» قىلالايدىغان خىزمەتنى «ھېچكىم»نىڭ قىلمىغانلىقىنى «ھېچكىم» ھېس قىلمىدى .

ئىدارىدە ئىلغارلارنى باھالاش ئىشى ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدۇ ، پەقەت «ئاز سانلىقلار» كىرەلەيدىغان بۇ قاتارغا كىرىشنى «ھەرقانداق ئادەم» خالايدۇ ، «ھەرقانداق ئادەم» كىرەلەيدىغان بۇ قاتارغا كىرىش ئۈچۈن «ھەربىر ئادەم» تىرىشتى . «كۆپ سانلىقلار» ئىلغارلارنى باھالاش خىزمىتى پەقەت «بەزىلەر»نىڭ ئىشى ، دەپ قارىدى ، «ئايرىملار»نىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى . بىراق ، «ھېچكىم» بۇ قاتارغا «بەزىلەر»نىڭلا كىرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەچكە ، «بەزىلەر» ۋە «ئايرىملار» «ھېچكىم» قوللىمىغان ئەھۋالدىمۇ ئىلغار بولۇپ سايلاندى .

---

تىن ، بەلكى ئىككىنچى سىنىپالغۇدىكى قەھۋەنى ئۇرۇۋەتكەن ھېلىقى كىشى بولۇپ ، 95% ئادەم ئۇنى تاللىغان .

بۇ سىناق پروفېسسورنىڭ مۇنداق بىر نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلاپ بەردى : شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئازراق سەۋەنلىكلەر ، مەسىلەن ، قەھۋەنى ئۇرۇۋېتىشتەك ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياخشى تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، تېخى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئۇنى سەممىي ، ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ . ئەكسىچە ، ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئىپادىسىدە ئازراقمۇ نۇقسان كۆرۈلمىسە ، كىشىلەر ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن كەمچىلىكىنى كۆرەلمەيدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە بىر خىل راستچىل ئەمەستەك تەسىر بېرىپ قويىدۇ ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى يوقاشقا باشلايدۇ . چۈنكى ، كەمچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ ، ئۇنى باشقىلار بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان بولىدۇ .

دېمەك ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش قورقۇنچلۇق ئەمەس ، مۇھىمى كىشىلەرگە سەممىيلىكىنى ئىپادىلەشتە .

# بىر ئادەمنىڭ تۆت خوتۇنى

بىر باينىڭ تۆت خوتۇنى بار ئىكەن . ئۇ تۆتىنچى خوتۇنىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن . ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ، ياخشى ناز - نېمەتلەرنى يېگۈزىدىكەن . ئۇنى ئىنتايىن ئاسرايدىكەن ، ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدىكەن .

ئۇ ئۈچىنچى خوتۇنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن . ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىكەن ، ھەمىشە دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن . ئەمما ، ئۇنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، دەككە - دۈككىدىلا يۈرىدىكەن .

ئۇ ئىككىنچى خوتۇنىنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن . ئۇ ناھايىتى كۆيۈمچان ، سەۋرچان ئىكەن ، ئەمەلىيەتتە باينىڭ سىرداشى ئىكەن . باي قانداق ۋاقىتتا مەسىلىگە يولۇقسا ئىككىنچى خوتۇنىنى ئىزدەيدىكەن ، ئىككىنچى خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىكەن .



باينىڭ بىرىنچى خوتۇنى ناھايىتى ساداقەتمەن مەزلۇم ئىكەن ، باينىڭ بايلىقى ۋە تىجارىتىنى باشقۇرۇش ، پۈتۈن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ چىقىرىدىكەن . ئەمما ، بىرىنچى خوتۇنى باينى ناھايىتى ياخشى كۆرسىمۇ ، باي ئۇنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن .

بىر كۈنى باي ئاغرىپ قاپتۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇ ئۆزىنىڭ پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە : «هازىر يېنىمدا تۆت خوتۇنۇم بار ، ئەمما مەن ئۆلگەندىن كېيىن يالغۇز قالىمەن . مەن نېمىدېگەن بىچارە - ھە !» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆتىنچى خوتۇنىنى چاقىرىپ :

— سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆردۈم ، ساڭا ئېسىل كىيىملەرنى ئېلىپ بەردىم ، ھەممىدىن ياخشى باقتىم . هازىر مەن ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن ، مەن بىلەن كېتەمسەن ؟ — دەپتۇ .

— جۆيلىمىسىلە ! — تۆتىنچى خوتۇنى شۇنداق دەپلا بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قاپتۇ .

ئۇنىڭ جاۋابى باينىڭ يۈرىكىگە خەنجەر تىققاندەك بىلىنىپتۇ ; باي قاتتىق ئازابلانغان هالدا ئۈچىنچى خوتۇنىدىن سوراپتۇ :

— بۇ ئۆمرۈمدە سېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ كەلدىم . هازىر مەن ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن ، مەن بىلەن كېتەمسەن ؟

— ياق ، — دەپتۇ ئۈچىنچى خوتۇنى ، — بۇ يەردىكى تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل ! سىلى ئۆلگەندىن كېيىن مەن قايتىدىن توي قىلىمەن .

باينىڭ يۈرىكى ئېغىپ مۇزلاپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى خوتۇنىدىن سوراپتۇ :

— مەن ھەمىشە سەندىن ياردەم سورايتتىم ، سەنمۇ مېنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرەتتىڭ . مەن هازىر سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج . مەن ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا ھەمراھ بولامسەن ؟

— كەچۇرسىلە ، بۇ قېتىم سىلىگە ياردەم قىلالمايمەن ، — دەپتۇ ئىككىنچى خوتۇنى ، — ئەڭ بولغاندىمۇ سىلىنى قەبرىستانلىققىچە ئۇزىتىپ بارالايمەن .

بۇ جاۋاب خۇددى چاقماق سوققاندەك بايغا قاتتىق زەربە بوپتۇ .

بۇ چاغدا بىر ئاۋاز جاراڭلاپتۇ :

— مەن سىلى بىلەن كېتىمەن . نەگە بارسىلا سىلىگە ھەمراھ بولىمەن .

باي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا بىرىنچى خوتۇنى ئىكەن . ئۇ ئورۇقلاپ قاقشال بولۇپ قالغان ، قارىماققا ئۇزۇن مۇددەت ئاش - تاماق يېمىگەندەك كۆرۈنىدىكەن . باي قاتتىق ئازاب بىلەن :

— ئەسلىدە سېنىڭ ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالسام بوپتىكەن ، — دەپتۇ .

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا تۆت خوتۇن بار :

A . تۆتىنچى خوتۇن بىزنىڭ بەدىنىمىز . مەيلى بىز قانچىلىك ۋاقتىمىزنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىپ ، ئۇنى ياخشى باقايلى ، بىز ئۆلگەن ۋاقىتتا ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ .

B . ئۈچىنچى خوتۇن بىزنىڭ ئورنىمىز ۋە مال - دۇنيايىمىز . بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىدۇ .

C . ئىككىنچى خوتۇن ئۆيىمىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىمىز . ھايات ۋاقتىمىزدا ئۇلار بىلەن قانچىلىك يېقىن بولايلى ، ئۇلار ئەڭ بولغاندىمۇ بىزگە قەبرىستانلىققىچە ھەمراھ بولالايدۇ .

D . بىرىنچى خوتۇن ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ روھىمىز ، بىز مال - دۇنيا ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى لەززەتنى قوغلاشقان ۋاقتىمىزدا ، ئۇ ھەمىشە سەل قارىلىدۇ .

ئويلاپ باققانمىدىڭىز ؟ مەيلى نەگىلا بارايلى ، بىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغىنى روھ . شۇڭا ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەككەندىن كۆرە ، ھازىر روھىمىزنى تەربىيىلىسەك ، ئۇنىڭغا كۈچ بەرسەك زىيىنى بولماس .

## تۇرمۇش تورت دېمەكتۇر

بىر بالا مومىسىغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ، مەكتەپ بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى قاتمۇقات زىددىيەتلەر ھەمدە ساغلاملىق مەسىلىلىرى قاتارلىقلاردىن ئاغرىنىپ سۆزلەپ كەتتى . مومىسى بۇ ۋاقىتتا تورت پىشۇرۇۋاتاتتى .

— بالام تورت يېيىشنى ياخشى كۆرەمسەن ؟ — دەپ سورىدى مومىسى .

— ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى بالا .

— ئەمىسە ، ماۋۇ مايدىن ئازراق يەپ باقە ، — دېدى مومىسى .

— ھۆ ، كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرمەڭگا ، موما .

— خام تۇخۇمدىن بىرەرنى يەپ باقامسەن ؟

— تېخىمۇ كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىدۇ .

— ئەمىسە ، ئۇندىن ياكى ئېچىتقۇغا ئىشلىتىدىغان سوۋادىن يەپ باقە !

— موما ، ئۇ نەرسىلەرنى قانداقمۇ يېگىلى بولسۇن !

— شۇنداق ، — دېدى موماي ، — ئۇ نەرسىلەرنى ئايرىم يېگىلىمۇ بولمايدۇ ھەم ھېچقانداق تەمى بولمايدۇ . ئەمما ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندىلا ، مەززىلىك تورت ياسىغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ !

## كىچىك ئىشلار بىباھادۇر

ماريان لېباير (ئامېرىكا)

زەمىرە پىدائىي تەرجىمىسى



سىز بالىڭىزنى ئېلىپ قەنت ـ گېزەك دۇكانلىرىنى ئايلانغان چېغىڭىزدا، دۇكان خوجايىنىنىڭ بالىڭىزغا قەنت ـ گېزەك بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدىڭىزمۇ؟ مەلۇم ماگىزىندىن سىزنىڭ بىر ئاي بۇرۇن سېتىۋالغان مېلىڭىزدىن رازى بولغان ـ بولمىغانلىقىڭىزنى سۇرۇشتۇرۇپ تېلېفون كەلدىمۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئىشلار بولغان بولسا، سىز بۇ خىل غەمخورلۇقنى چوقۇم ئېسىڭىزدە ساقلايسىز.

بۈگۈنكىدەك كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە، سودىگەرلەر ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىراق، ئاشۇنداق «كىچىك ئىش» لار كۆپىنچە سودىگەرلەر بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. خېرىدارلار سىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ قويغان كىچىككىنە يېقىنچىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايدۇ. بۇ «كىچىك ئىش» تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ھەر قېتىم خېرىدار قايتقاندا ئۇنىڭغا ئەرزان باھالىق بولسىمۇ بىر تال گۈل سوۋغا قىلىڭ.

2. پەشتاختا ئۈستىگە بىر تەخسە قەنت ـ گېزەك تىزىپ قويۇڭ.

3. خېرىدارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇڭ.

4. خېرىدار مەلۇم بىر خىل مالنى سېتىۋالغاندىن كېيىن سىز ئۇنىڭغا «يەنە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئېتىبار كارتىسى بېرىڭ.

5. مالنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، خېرىدار سېتىۋالغان مالدىن مەسىلە كۆرۈلگەندە ياكى ياردەمگە موھتاج بولغاندا تېلېفون قىلىشنى تاپىلاپ قويۇڭ.

6. خېرىدارىڭىزغا قايسى خىل مۇلازىمەتكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى يېزىپ، شىركىتىڭىزگە ئەۋەتىشكە قولايلىق بولغان كارتىلارنى بېرىڭ.

7. خېرىدارلارنى ھەرگىزمۇ ئون مىنۇتتىن ئارتۇق ساقلاتماڭ ياكى ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭغا قايسى ۋاقىتتا مۇلازىمەت قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇڭ.

8. بىرەر سوئالغا جاۋاب بەرگەن ياكى سودا ـ سېتىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خېرىداردىن «باشقا ياردەم كېرەكمۇ» دەپ سوراڭ.

9. خېرىدارلارنى ئازراق بولسىمۇ نەپكە ئېرىشتۈرۈڭ.

10. خېرىدارلار مالنى ئېلىپ قايتقاندا، باغاقچىگە ئۇنىڭ ئادرېسى ياكى تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋېلىڭ.

11. خېرىدار ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغاندا يېنىدا بولۇڭ. يېزىق ئۈستىلى، پەش-

# گۈزەللىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل خاتالىق

گۈزەللىك ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق، بەزىدە گۈزەللىكمۇ كىشىلەرگە بەزى بىر ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا ساھىبجامالالارنىڭ «چىرايلىق بولۇش گۇناھىمۇ» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئاۋستىرالىيىدىكى رەڭگى - رۇخسارى گۈزەل بىر ئايال يېقىندا ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى سەۋەبىدىن تۇتۇپ قېلىنغان بىر قىسىم تۆلەم پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇۋاتقان ئاۋستىرالىيىلىك دىرشا خانىم ئەسلىدە قائىدە بويىچە ئېرىنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن بېرىلىدىغان 590 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىلىق تۆلەمگە ئىگە بولاتتى، ئۆيلىمىغان يەردىن مەزكۇر دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسى دىرشا خانىمنىڭ بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، سوتچى دەۋالاشقۇچى ئايالنىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە لاتاپىتىدىن ئۇنىڭ قايتا ياتلىق بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سوتنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتە تۆلەم پۇلنى تۇتۇپ قېلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، گۈزەل دىرشا خانىمنىڭ قايتا ياتلىق بولۇش ئېھتىماللىقى زور، تۆلەم پۇلىنىڭ 25% ى تۇتۇپ قېلىنىپ، 442. 5 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى تۆلەم پۇلى بېرىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

تۆلەم پۇلىنىڭ تۇتۇپ قېلىنىشى دىرشا خانىمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن دىرشا خانىم 20% سوممىسىنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ پۇلنىڭ 5% ى تۇتۇپ قېلىنغان.

سوتچى: «قانۇن ماددىلىرىدا گەرچە بەزىبىر نامۇۋاپىق جايلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قانۇن بولغانىكەن، ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېدى. سوتچىنىڭ قارىشىچە، تۆلەم پۇلىنىڭ 5% ىنىڭ تۇتۇپ قېلىنغانلىقى گۈزەل دەپ قارىلىدىغان دىرشا خانىم ئۈچۈن «مۇۋاپىق» ئىكەن.

---

تاختا ياكى باشقا توسۇقلارنىڭ كەينىدە تۇرمالىڭ.

12. ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ خېرىدارلارغا ئۆز ئىشخانىڭىز ياكى دۇكىنىڭىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇڭ.

13. خېرىدارىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئۇدۇللا چاقىرىڭ.

14. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خېرىدار سىزنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىڭىز.

15. خېرىدارلارغا تەبەسسۇم قىلىڭ.

ئەنئەنىۋى «خېرىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىش تەربىيىلەش كۇرسلىرى» خېرىدارلارغا ماھارەت ئۆگىتىدۇ؛ «كىچىك ئىش» كۇرسى ئۇلارغا بىر خىل پوزىتسىيىنى ئۆگىتىدۇ.

«كىچىك ئىش» ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇ خېرىدارلارنىڭ پسىخىكىسىغا قارىتا ئىنچىكە تەييارلىقتا تۇرۇش بىلەن بىرگە، مۇناسىپ ئىلمىي تىجارەت پىلانىنى ماسلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«كىچىك ئىش»لارغا ئەجىر قىلغاندا بەلكىم پايدا - ئۇنۇم كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا خېرىدارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىزنىڭ مۇلازىمىتىڭىزگە نائىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.



# توكۇر تىلەمچى

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

(تۇنجى نۆۋەتلىك «ئانا ئەدەب مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن)

مەن ئۇ تىلەمچىنى تۇنجى كۆرگەن چېغىمدا، ئۇ مەن كۈندە ئۆتىدىغان كوچا ئېغىزىدا ئالدىغا بىر پارچە لاتىنى يېيىۋېلىپ، تىزىنىڭ تۆۋىنى يوق بىر پۇتىنى ئادەملەر كۆرگۈدەك قىلىپ ئالدىغا سۇنۇپ، قوللىرىنى سوزۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن سەدىقە تىلىگىنىچە ئولتۇراتتى. بۇ مېنىڭ خىزمەتكە چىقىپ تۇنجى مائاش ئالغان كۈنۈمنىڭ ئەتىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان پۇتىغا نەزىرىم چۈشۈشى بىلەن، ئىختىيارسىز يانچۇقۇمغا قولۇمنى سېلىپ بىر يۈەنلىك پۇلدىن بىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇ بەزىبىر تىلەمچىلەردەك يالغاندىن ئۆزىنى مېيىپ كۆرسىتىۋالغاندەك قىلمايتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە بىر يۈەن تاشلاپ ئۆتۈش ئادىتىمگە ئايلاندى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىدىغان بولدۇم. بۇنداق چاغدا ئۇ ماڭا مېنىڭ بىر يۈەن پۇلۇمغا قاراشلىق تىلەمچىدەك بىلىنمەيتتى. بىرمۇ ئۇرۇق - تۇغقىنىم بولمىغاچقا، تولىمۇ مېھرىسىز بىلىنىدىغان بۇ شەھەردە بۇ تىلەمچى ئەڭ يېقىن ئادىمىمدەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىياتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى قارا بولغاچ كۈلگەندە ئادەمگە چىشلىرى بەك ئاقتەك بىلىنەتتى. مەن ئۇنى مېنىڭ بىر يۈەن پۇلۇم ئۈچۈن ماڭا ھىجىيىپ قويىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ بىر يۈەن سەدىقەم بىلەن ئۇ تىلەمچىلىكتىن قۇتۇلۇپ باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ياشىيالمايتتى. مەن بىر يۈەننى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىۋەتكەنگە كۈن ئالالماي قالمايتتىم، ئۇنىڭغا كۆپرەك پۇل بېرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. ئۇ يەنىلا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرىۋەردى، مەن يەنىلا شۇ يولدا ئىشقا بېرىپ - كېلىپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ماي بايرىمىدىكى دەم ئېلىشتا يۇرتۇمغا بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ ئاپتوبۇستا ئولتۇردۇم. يولۇچى لىققىدە ئولتۇرغان ئاپتوبۇس تېخى شەھەردىن چىقماي تۇرۇپ ئالدىمىزدىن چىقىپ كەلگەن يۈك ئاپتوموبىلىغا سوقۇلدى. قىيا - چىيالار ئىچىدە ھوشۇمنى يوقاتتىم.

ھوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. پۈتۈن ئەزايىم چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتاتتى. ئوڭ پۇتۇم سۇنۇپتۇ. يىراق سەھرادىكى ئاتا - ئانامنى چاقىرتىپ ئۇلارنىڭ كىرا پۇل-

نى فەملەش ئۈچۈن بېشىنى قاتۇرغۇم ، كىملەرنىڭدۇر ئالدىدا قەرز سوراپ سارغايتقۇم كەلمىدى . مېنى بىرنەچچە خىزمەتدىشىم يوقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، پات - پات دورا - ئوكۇل كۆتۈرۈپ كىرىدىغان سېستىرادىن باشقا ھېچكىمنى ئۇچراتمىغىنىمغا بىرنەچچە كۈن بولدى ، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي دېسەم ماڭالمايتتىم . ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتىم ، كۈن - ئايلارنىڭ بەركىتى يوق دەپ قاقشايتتىم . ھازىر بولسا كۈنلەرنىڭ بۇنچە ئۇزۇنلۇقىنى زېرىكىش ئىچىدە ھېس قىلىۋاتىمەن ، ئاپامنىڭ «ئادەم كۈنى ئادەم بىلەن» دەيدىغان گېپىنىڭ تەكتىگە بۇ كۈنلەردە ھەقىقىي يېتىۋاتاتتىم . كۆزلىرىم ئىشىكتە ، بىرەرسىنىڭ كىرىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلاتتىمكى ...

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى تىلەمچى — مەن كۈندە بىر يۈەن بېرىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان توكۇر تىلەمچى ھاسا تايىقىغا تايىنىپ كىرىپ كەلدى . بىر قولىدا باش ياغلىقىغا چىگىپ ساڭگىلىتىۋالغان كورا بار ئىدى . ئۇ سىلىق مېڭىشقا شۇنچىلىك تىرىشىۋاتىسمۇ ، ئاشۇ مېيىپ پۇتى سەۋەبلىك قولىدىكى كورا پۇلاڭشىپ كېتىپ ، ئىچىدىكى ئاش سۈيى باش ياغلىقىدىن ئېقىپ چىقىۋاتاتتى ، ئۇ قولىدىكى كورىنى تەستە ئۈستەلگە قويۇپ ، ھاسا تايىقىنى كارىۋىتىمغا تىرەپ ، ماڭا قۇچاق ئېچىپ تاشلاندى . ئىككىمىز خۇددى ئۇزۇن كۆرۈشمىگەن بىر تۇغقانلاردەك قۇچاقلىشىپ كەتتۇق .

— تۇيۇقسىز ئۇ كوچىدىن ئۆتمەس بولۇپ قالدىڭىز . ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىڭىزگە ئىزدەپ بارسام ، قوشنا - قولۇملىرىڭىز ئۆيىگە كەلمىگىلى خېلى كۈنلەر بولدى دېدى . قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمىگەچكە ساقچىخانىغا بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم . ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ سىزنى مۇشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ دېيىشتى ، ئۇدۇل مۇشۇ ياققا قاراپ ماڭدىم ، — دېدى ئۇ چېپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ، — سىزگە دەپ ئاشخانىدىن چۆچۈرە ئېلىپ كىرگەنىدىم . قىزىقىدا ئىچىۋېلىڭ .

ئۇ ئاش سۈيى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن باش ياغلىقىنى يېشىپ كورىدىكى ئاشنى ئالدىمغا قويدى . ئۇ كىرىشى بىلەنلا ياتاققا تارالغان ئاش كۆكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىشتىھايىمنى قوزغاپ قويغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تىلەمچى ئىكەنلىكى ۋە ئاش سۈيى ئېقىپ تۇرغان باش ياغلىقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا چوكىنى قولۇمغا ئېلىپ ، چۆچۈرىنى ئىلەشتۈرۈشكە باشلىدىم .

— پۇت دېگەن مۇھىم نەرسە ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي ئوبدان داۋالىنىڭ ، پۇلىڭىز يەتمىسە ماڭا دەڭ ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ قوينىدىن بىر كىچىك خالتىنى چىقىرىپ ، ئىچىدىكى پۇللارنى كارىۋىتىم ئۈستىگە تۆكۈشكە باشلىدى . ئاشۇ پۇتى بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقالمايتتى ، تاكسىغا ئولتۇرۇشقا قۇربى يەتمەيتتى . گەرچە ئۇ مېنى قانداق ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مەن ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆي بىلەن ساقچىخانا ئارىسىدا دىڭگۇسلاپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئۇ شۇ جەرياندا تالاي سەدىقىلەردىن قۇرۇق قالغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ «پۇت دېگەن مۇھىم نەرسە» دېگەن گېپى مۇنداقلا دېيىلگەن گەپ بولماستىن ، بۇ سۆزىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭغا پۇتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرغان تالاي مۇشكۇلاتلار قاتار تۇرغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، كۆزلىرىمنىڭ نەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئۇ كارىۋىتىم ئۈستىگە تىلەپ تاپقان پارچە پۇللىرىنىلا ئەمەس ، قەلبىدىمۇ ناھايىتى ئىللىق بىر ئېقىمنى تۆكۈۋېتىپ چىقىپ كەتكەنىدى .

# ھەجۋىي رەسىم ۋە يۇمۇرلار

## مەنمۇ ھازىر كەلدىم

بىر مەست ئېھتىياتسىزلىقتىن بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن چۈشۈپ كەتتى ، ئەتراپىغا بىردەمدىلا ئادەم ئولىشىپ كەتتى .

ساقچى توپ ئارىسىغا كىرىپ سورىدى :

— نېمە ئىش بولدى ؟

— بىلمىدىم ، — دېدى مەست ، — مەنمۇ ھازىر كەلدىم .

## ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن

— قىزىم سەن تاللىغان ئۇ يىگىت يېتىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلىقى گاس ، پۇتى توكۇر . ئۇنىڭغا ياتلىق بولمىغىن .

— مېنىڭ كېلىشكەن يىگىتلەرنى تېپىش خىيالىم يوق .

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس . ئۇنىڭ ھازىرقى دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن .

## ھەر ئېھتىمالغا قارشى

— پروفېسسور ئەپەندى ، مۇنداق ئېسىل شاكىلاتنى ئالغىنىڭىزغا قارىغاندا ، خوتۇنىڭىزغا سوۋغات قىلىدىغان ئوخشىمامسىز ؟

— شۇنداق . سىزگە راستىنى دېسەم ، بۈگۈن ئەتىگەن خوتۇنۇم تۇيۇقسىزلا مېنى سۆيۈپ قويدى . بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقاردىم ، بۈگۈن يا بىزنىڭ توي خاتىرە كۈنىمىز ، يا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى .

## ئادىللىق

ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر قاۋاقخانىدا ئىككى ئادەم دۇئېلغا چۈشىدىغان بولۇپ قالدى ، مەيدانمۇ ھازىرلىنىپ بولدى . ئىككىيلەننىڭ بىرى ۋىجىك ، لېكىن مەرگەن ئىدى ، يەنە بىرى بەستلىك ، ئېغىرلىقى 200 قاداق كېلەتتى .

— توختا ، — دېدى بەستلىك كىشى ۋىجىك كىشىگە ، — سېنىڭ قارىغا ئېلىش نىشانىڭ مېنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ قالدى ، بۇ ئادىللىق ئەمەس .

ۋىجىك كىشى بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قاۋاقخانا خوجايىنىغا مۇراجىئەت قىلدى :

— ئاۋۇ ئاداشنىڭ بەدىنىگە مېنىڭ بەدىنىمنىڭ چوڭلۇقىدا قىلىپ دائىرە سىزىپ قويۇڭ ، ئەگەر ئوق دائىرىنىڭ سىرتىغا تەگسە ھېساب قىلمىساڭلار بولىدۇ .

## خوتۇنىنىڭ رەنجىشلىرى

توي قىلغىنىغا 40 يىل بولغان قەدىناس ئەر - خوتۇن ئولتۇرۇپ مۈگدىشىپ قالدى .

خوتۇنى رەنجىدى :

— سىز ماڭا ئىلگىرىكىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان بولدىڭىز ، ئىلگىرى ماڭا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇراتتىڭىز .

— بۇ تەس ئىش ئەمەسقۇ ، — دېدى ئەر موممىيغا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ .

— ئىلگىرى مېنى چىڭ قۇچاقلاپ قوياتتىڭىز .

— مانا ئەمىسە ، — بوۋاي موممىينىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى .

— ئىلگىرى بوينۇمغا قانداق سۆيگەنلىرىڭىز ، قۇلاقلىرىمنى قانداق چىشلىگەنلىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ ؟

بوۋاي ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ماڭدى .

— نەگە بارىسىز ؟ — سورىدى موماي ئالدىراپ .

بوۋاي مېڭىشتىن توختىماي جاۋاب بەردى :

— توختاپ تۇرۇڭ ، يالغان چىشىمنى ئەكىرىۋالاي .



مىنى قۇتۇلدۇرۇڭلار

بەدستروپ (دانىيە)



## دۆلەتمەنلەر دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالدىم

● جاك شىنياك ● ئادالەت تاھىر تەرجىمىسى

ئىلگىرى ئۆزۈمنى ناھايىتى قالتىس ياشاۋاتىمەن دەپ يۈرەتتىم. بىراق، ھازىر ئۆزۈمنىڭ دۆلەتمەنلەر دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ئاشۇ كۈنى دوستۇم تېلېفون بېرىپ، بۇرادىرىمىز K نىڭ ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چاڭچېڭ مېھمانسارىيىدا يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. گەرچە بېيجىڭ شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بولساممۇ، لېكىن ئايلاپ - يىللاپ ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتمەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن رەتلىك كىيىنىپ، ئاياغلىرىمنى مايلاپ پارقىرىتىپ، چاڭچېڭ مېھمانسارىيىغا قاراپ ماڭدىم.

تاكسىغا ئولتۇرۇۋىدىم، ئادەتتە 15 يۈەن بىلەنلا يېتىپ بارىدىغان مەنزىلگە 50 يۈەن بىلەن ئاران يېتىپ باردىم.

سەۋەبى، ئەلۋەتتە ئاپتوموبىللارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى (بېيجىڭدىكى تاكسىلار توسۇلۇپ قالسىمۇ ۋاقىتقا قاراپ ھەق ھېسابلىنىدۇ) - دە.

نېمە ئۈچۈن ئاپتوموبىللار توسۇلۇپ قالىدۇ؟ شەخسلەرنىڭ ئاپتوموبىلىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولمامدۇ!

نەدىن كەلگەن شەخسىي ئاپتوموبىللار بۇ؟ دۆلەتمەنلەرنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلى بولمامدۇ!

شۇ چاغدا مەن ئەسلىدە دۆلەتمەنلەر شەخسىي ئاپتوموبىل سېتىۋالسا، كەمبەغەللەرنىڭمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ پۇل تۆلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم.

پۇل تۆلىگەندىن باشقا يەنە ۋاقىتمۇ چىقىم قىلىش كېرەك ئىكەن. مېنىڭ ئۆيۈمدىن چاڭچېڭ مېھمانسارىيىغا ئادەتتە يېرىم سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولاتتى، ئەمما ھېلىقى كۈنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كەتتى. دۆلەتمەنلەر پۇل - مېلىمىزنى ئېلىۋېلىپلا قالماي، يەنە ھاياتىمىزنىمۇ ئېلىۋالماقتا.

شۇ قېتىمقى ۋەقە مېنىڭ كۆزقارىشىمدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. مۇبادا، كېلەر قېتىم مۇشۇنداق يىغىلىش بولۇپ قالسا، بارارمەنمۇ؟ ئېھتىمال، سەرپ قىلغان ۋاقتىم، ئاپتوموبىلغا تۆلىگەن پۇلۇم ئۈچۈن ئىككىلىنىشىم مۇمكىن ياكى ئىككىلىنىش ئىچىدە يىغىلىشقا بېرىش نىيىتىمدىن يېنىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇشۇم مۇمكىن.

مەن دۆلەتمەنلەر دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالدىم.

يېقىن جايلارغا بېرىشقا بولمىدى، ئۇنداقتا يىراقراق جايلارغا بېرىشقا بولامدۇ؟ جاۋابىم شۇكى، بۇنىڭدىمۇ توسالغۇ بار.

باھار پەسلىنىڭ مەلۇم بىر ھەپتە ئاخىرى، دوستۇم بىلەن دېيىشىپ، ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ بېيجىڭ شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى مەلۇم بىر داڭلىق ئارامگاھقا بېرىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ كەلمەكچى بولدۇق. ئۆزۈمچە بەش مىڭ يۈەن يېتەر دەپ ئويلاپتىمەن، كىم بىلسۇن، بۇ «يېرىم تۇمەن» پۇل بېرىشقىلا يېتىپ، قايتىپ كېلىشكە يەتمىدى. چۈنكى بۇ جايلارنىڭ ياتاق، يېمەك - ئىچمىكى تولىمۇ قىممەت ئىكەن، بىر

كىچىك ياتاق ھەققى نەچچە مىڭ يۈەن، بىر ۋاخلىق تاماق نەچچە يۈز يۈەن، پەي توپ ئويناش ھەققى نەچچە ئون يۈەن ··· شۇڭلاشقىمۇ دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇنلا ئۆيگە قېچىپ كەلدىم.

ئەسلىدە بۇ جايلار دۆلەتمەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، ھەرەمبېغى ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇلپار، بېنز، خېررارى قاتارلىق پىكاپلارنى ھەيدەپ، كۈنىگە نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەيدىكەن. مەن ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق جايلارغا بېرىپ، كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلغاندىن كۆرە، ئۆيدە ئولتۇرغىنىمىز تۈزۈكلۈكىنى ئېيتتىم.

بۇ ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بىر پارچە خەۋىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ كۆڭۈل ئاغرىدىقىم ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن. شائخەيلىك شياۋجيې ئىسىملىك قىز تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، باھار سەيلىسىگە نىسبەتەن بىر خىل قورقۇش پسىخىكىسى بىلەن قارايدىكەن. بىر تەرەپتىن، ئۇ ساياھەت ھەققى تۆلىيەلمەيدىكەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بايلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش چىرايلىق كىيىنىپ، يەيدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋالالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى ئۆيدە ئولتۇرۇش ئىكەن، چۈنكى شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى زەربىگە ئۇچرىمايدىكەن.

كەمبەغەللەر كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، دۆلەتمەنلەر تەرىپىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالدى.

ئىلگىرى سودا سارايلىرىغا بېرىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ۋەھالەنكى، ھازىر سودا سارايلىرىنى ھەممىلا ئادەم ئايلىنالمايدۇ. ئۆتكەندە بىر دوستۇم ماڭا پىئېر كاردېن ماركىلىق كۆڭلەكتىن بىرنى سوۋغا قىلىۋىدى، رەڭگىنى بىر قىسما كۆرۈپ، شىمدەندىكى مەلۇم بىر چوڭ سودا سارايغا ئالماشتۇرغىلى باردىم. گەرچە كۆڭلەكنىڭ رازمېرى تولۇق بولمىغانلىقتىن ئالماشتۇرالمىغان بولسامۇ، لېكىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سودا سارىيىنى ئايلىنىۋالدىم. سودا سارىيىنى ئايلىنىپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم، كىيىم ـ كېچەكلەر بۆلۈمىنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر تال گالستۇك نەچچە مىڭ يۈەن، بىر تال باش كىيىم مىڭ نەچچە يۈز يۈەن، بىر دانە پاختىلىق چاپان نەچچە مىڭ يۈەن تۇرسا ··· پاختىلىق چاپاننىڭ رەختىنى تۇتۇپ، تەپسىلىي كۆرۈپ باقتىم، يۈزدە يۈز پاختا رەخت ئىكەن، باشقىچە ئالاھىدىلىكى يوق. ئەينى چاغلاردا ئاپام تىكىپ بەرگەن پاختىلىق چاپانغا ئۆزىمىز تېرىغان كېۋەزنىڭ پاختىسى سېلىنغان بولۇپ، يۈزدە يۈز پاختا دېيىشكە بولىدۇ، پاسونىمۇ ھازىرقى پاختىلىق چاپانلاردىن قېلىشمايتتى، تەننەرخى بەش، ئالتە يۈەن ئىدى، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 50 ~ 60 يۈەن بولاتتى. بىراق، ھازىرقى سودا سارايلارنىڭ باھاسىنى كۆرسىڭىز سىز يەنە كىرىشنى ئويلامسىز؟ كىرىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟

ماللارنىڭ باھاسى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسىمۇ، سودا سارايلىرى ئوخشاش تىجارەت قىلىۋېرىدۇ، چۈنكى خېرىدار ـــ پۇلدار خېرىدارلار بار ـ دە. سىز قىممەت كۆرگىنىڭىز بىلەن باشقىلار قىممەت كۆرمەيدۇ؛ سىز ئۆزىڭىزنى تارتقىنىڭىز بىلەن، باشقىلار ئېلىۋېرىدۇ.

ئالىي دەرىجىلىك سودا سارايلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، كەمبەغەللەرنىڭ بايلار تەرىپىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

كۆك ئاسمان، يېشىل دالا ھەممىمىزگە تەئەللۇق، دۇنيا ھەممىمىزنىڭ ئائىلىسى، پەرۋەردىگار ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بايلىقتىن ھەممىمىزنىڭ پايدىلىنىش، بەھرە ئېلىش ھوقۇقىمىز بار. بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، بايلار ئاستا ـ ئاستا كەمبەغەللەرنىڭ ھوقۇقى ۋە تۇرمۇشىنى تارتىۋالماقتا. ئەسلىدە «ھەممە ئۆز يولىدا مېڭىشى كېرەك» ئىدى. ئەمما، بايلار كەمبەغەللەر-

نىڭ يولىنى ئىگىلىۋالغاچقا ، سىز ئەسلىدە ئۆز-
زىڭىزگە تەئەللۇق بولغان يولدا نۇرغۇن پۇل
ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ مېڭىۋاتىسىز ؛ ئەسلى-
دە تاغ ـ دەريا ، باغۋارانلاردىن ھەممە كىشى
قانغۇچە ھۇزۇرلىنىشى كېرەك ئىدى ، لېكىن
بايلار كەمبەغەللەرنى بىر چەتكە قىستاپ چىقى-
رىپ قويىدى ، سىزنىڭ تاماشا قىلىش ئىستى-
كىڭىز بولسىمۇ ، بىراق تاماشاغا كېرەكلىك
پۇلنى تاپشۇرالمايسىز ؛ ئەسلىدە چوڭ سودا
ساراي ، داڭلىق ماگىزىنلاردا كەمبەغەللەرنىڭ-
مۇ ھەققى بار ئىدى ، ئەمما بايلار مال باھاسى-
نى ئۆستۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، سىزمۇ ئۇلار-
غا ئوخشاش پۇل چىقىرىشىڭىز كېرەك ، شۇڭ-
لاشقا ، بۇ ھال كەمبەغەللەرنى چوڭ سودا
ساراي ، رېستورانلارغا ئەمەس ، بەلكى ئاددىي
ماگىزىن ، ئاشپۇزۇللارغا كىرىشكە مەجبۇر-
لىغان .

جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى ، مەن كەم-
بەغەل ھېسابلانمايمەن ، كەمبەغەللەر ئۇچۇن
سۆزلەۋاتىمەن ، خالاس . كەمبەغەللەرنىڭ باي-
لار دەستىدىن ئۆيگە قامىلىپ قالغانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن . ئۇلار ئۆز
ئۆيىدىلا مۇھىتنىڭ ئازادىلىكىنى ھېس قىلا-
لايدۇ ، ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقاتمايدۇ .

بايلار ، كەمبەغەللەر ھەممىلا جايدا بار ،
لېكىن مېنىڭچە غەربلىكلەر كەمبەغەللەرنىڭ
ھالىدىن تىرىشىپ خەۋەر ئالىدىكەن . شۋېت-
سىيىگە بارغان كىشىلەر ئۇ جايدا بېنزىنىنىڭ
تولىمۇ قىممەتلىكىنى بىلىدۇ . بۇ زادى نېمە
ئۈچۈن ؟ يۇقىرى قوشۇمچە باج ئارقىلىق
بايلارنىڭ پۇلىنى يىغىپ ، ئاممىۋى قاتناشقا
ياردەم پۇلى قىلىپ بېرىش ، كەمبەغەللەرنىڭ-
مۇ پاكىز ، ئازادە قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئول-
تۇرۇپ ئىشقا بېرىش ، سىرتلارغا چىقىشىغا
شارائىت يارىتىش ئۈچۈندۇر . ئۇنىڭ ئۈستىگە
پىكاپلارنىڭ سەپ تارتىپ توسۇلۇپ تۇرۇپ
كەتكەنلىكىنى ، ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىل-
لىرىنىڭ توسالغۇسىز مېڭىپ ، بېكەتكە دەل
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كىرگەنلىكىنى كۆرگىلى
بولىدۇ . بۇنداق چاغلاردا پۇلى يوقلار پۇلدار-
لارنى مەسخىرە قىلىپ : «سېنى كىم پۇلى

كۆپ بولسۇن دەپتۇ ، بۇ پۇلغا ئازاب سېتىۋې-
لىش دېگەن گەپقۇ » دېيىشىدۇ . كەمبەغەللەر-
نىڭ خۇشاللىقىمۇ ھەقىقىي خۇشاللىق . شۋېت-
سىيىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتۇق ، ئەمدى
ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى ، بايلار
ئالىي دەرىجىلىك ماللارنى ماگىزىنغا ئەكىرىپ
ساتماقچى بولسا ، ماگىزىن ناھايىتى تۆۋەن با-
ھادا سېتىۋالىدۇ ، سەل ئىچى تارراق ئادەم
بولسا ، ئىچىدىن قان كېتىشى مۇمكىن . ناۋادا
سىز 200 فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى خۇ-
رۇم كىيىمنى ماگىزىنغا ساتقىلى كىرسىڭىز ،
خوجايىن كۆپ بولغاندىمۇ بەش فوند ستېرلىڭ
باھا قويۇشى مۇمكىن ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ چۈن-
كى بۇ ماگىزىنلارنىڭ خېرىدارى يوقسىزلار
بولۇپ ، بايلار شۇنچە ياخشى كىيىمنى كىيىش-
نى خالىمىغاندىن كېيىن كەمبەغەللەرگە يار-
دەم قىلىش كېرەك . بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن
«باينىڭكىنى تارتىۋېلىپ ، گادايغا بېرىش»
تۇر . تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سىياستى
مانا مۇشۇنداق . ئۇلار سىياسەت جەھەتتە بايلار
بىلەن «چىقىشالمايدۇ» ، لېكىن قارىمۇقارشى
ئەمەس .

ئەمەلىيەتتە ، مەن بايلاردىن بىزار ئەمەس-
مەن ، ھەتتا ئۇلارنى ياقتۇرىمەن ھەم ئۇلارغا
رەھمەت ئېيتىمەن ، بايلارنىڭ كۆپ قىسمى
ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ياراتقۇچىسى ، دۆلەت-
نىڭ كۈچىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ، كەمبە-
غەللەرمۇ مەلۇم جەھەتلەردە بايلار ياراتقان ئى-
لىم ـ پەن نەتىجىلىرى ۋە ماددىي بايلىقلاردىن
بەھرىمەن بولماقتا . لېكىن ، ئېتىراپ قىلىش
كېرەككى ، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ پەر-
قى زورايسا ، كەمبەغەللەر تېخىمۇ بىچارە كۆ-
رۈنىدۇ .

ئائىلە كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم پاناھل-
يەت سورۇنى ، بىراق ھاياتلىقتا ئائىلىنىلا
تۇرمۇش رادىئۇسى ، روھىي تەسەللىي ۋە كۆ-
ڭۈل ئارامگاھى قىلىشقا بولمايدۇ .

شۇڭا ، رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرگە كۆ-
ڭۈل بۆلگەندە ، ئالدى بىلەن كەمبەغەللەرگە
كۆڭۈل بۆلۈش ؛ بايلار كەمبەغەللەرنى ئۆزىگە
تېگىشلىك ماكاندىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك .

# بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى

جەمىلە ئەلى تەرجىمىسى

## ئۆزىگە بولغان تونۇشى

كەمبەغەللەر : قانداق قىلغاندا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلانمايدۇ ۋە ئىزدەنمەيدۇ ، كەمبەغەللىكىگە تەن بېرىدۇ .

بايلار : قېنىدىنلا ئۆزىنىڭ نامرات ئۆتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . پۇل تېپىش ئىنچىكە كۆچلۈك ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن باي بولۇشنى ئويلايدۇ .

## ئارامدا

كەمبەغەللەر : تېلېۋىزور كۆرگەندە تايىنى يوق فىلىملەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ كېتىدۇ . ئۇنى ئاز دېگەندەك تېلېۋىزوردىكى مودا ئىشلارنى دوراپ كېتىشىچۇ تېخى .

بايلار : گولف توپ ئوينىغىلى بارسىمۇ ، بېجىرىدىغان توختاملىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ .

## ئارىلىشىش دائىرىسى

كەمبەغەللەر : نامرات تۇغقانلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدۇ . باھاسى چۈشكەن ماللارنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ . قانداق قىلغاندا تېجەشلىك ئۆتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ . بۇنىڭ جان بېقىشقا ئاز - تولا پايدىسى بولسىمۇ ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى نامراتلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ، تەپەككۇرى نامراتلارنىڭ تەپەككۇرىنى تارتىپ قالىدۇ .

بايلار : ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۆز خىلىدىكى ئادەملەر بولغاچقا ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ، ئۇچۇرغا باي بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بايلىقى ئۈستىگە بايلىق قوشۇلىدۇ .

## ئۆگىنىش

كەمبەغەللەر : ھۆنەر ئۆگىنىدۇ .
بايلار : باشقۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ .

## ۋاقىت

كەمبەغەللەر : ۋاقىتنى پۇل ھېسابلىمايدۇ ، بىر باش چامغۇرنى بىر تىيىن قىممەت ئېلىپ قالغىنىغا قورسىقى ئاغرىيدۇيۇ ، بىر كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكىنىگە ئىچى ئاغرى-



مايدۇ .

بايلار : باينىڭ ئارامى تەننىڭ ئارامى ، ئۇلار كۆچنى توپلاپ ، باي بولۇش يولىغا ئاتلىنىدۇ . لېكىن ، كاللىسى ئارام ئالمايدۇ ؛ كەمبەغەللەر ئارامى كاللىنىڭ ئارامى ، پۇت ـ قولىغا ئارام يوق ، قارتا ئويناش بىلەن ئاۋارە .

## تەۋەلىك تۇيغۇسى

كەمبەغەللەر : ئۇلار بىر تال بۇرما مىخ . ئەسلىي ئورنى تۆۋەن بولغاچقىمۇ ، ئۇلاردا بىخەتەرلىك ئاز بولىدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر كوللېكتىپقا تەۋە بولۇشىنى ياكى كوللېكتىپقا تايىنىپ ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ، شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئىشتا قائىدە ـ يوسۇنغا بېكىنىۋالىدۇ . بىرەر داڭلىق كارخانىدا نەچچە ئون يىل مۇقىم خىزمەت قىلىدۇ ، بۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارزۇسى .

بايلار : ھەرقانداق شىركەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى بايلاردۇر . ئۇلار ، سەن ئۆزۈڭ تەۋە بولغان تەشكىلگە بويسۇنمىساڭ ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم ھېسابلىنىسەن ، دېگەننى كەمبەغەللەرنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇلار ئۆزلۈكسىز يېڭى ئادەملەرنى تەربىيىلەپ ، سېنىڭ ئورنۇڭغا دەسسىتىشكە تەييار تۇرىدۇ .

## مەبلەغ سېلىش ۋە بايلىققا بولغان قاراشلىرى

كەمبەغەللەر : ئاز چىقىم قىلغىنى پايدا كۆرگىنى ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قارىشى . مەسىلەن ، ئۇنى بىر ئاشپۇزۇل ئاچتى دەيلى ، ئەگەر ئۇ 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يىل ئاخىرىدا 20 مىڭ يۈەن ساپ پايدا كۆرسە پايدىسى 100% بولىدۇ . ئۇلار شۇنىڭغا رازى بولىدۇ . ئۇلار پۇللى بولسىمۇ ، مەبلەغ سېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار خېيىمخەتەرگە يولۇقۇشتىن قورقىدۇ . ئۇلار توخۇدىن توخۇم ئېلىپ ، توخۇمدىن چۈجە چىقىرىپ ، ئۆزىنى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ … ۋەھالەنكى بىر مېكىيانغا ئۈمىد باغلاپ ئولتۇرغان بىلەن باي بولغىلى بولمايدۇ .

بايلار : بايلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى كۆپ مەبلەغ سېلىپ كۆپ پايدا ئېلىش . ئوخشاشلا ئاشپۇزۇل ئاچتى دەيلى ، بىر ئاشپۇزۇلغا 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتسە ، ئەگەر ئۇنىڭ 100 مىليون دەسمايىسى بولسا ، 5000 ئاشپۇزۇل ئاچقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ باشقۇرۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ نۇرغۇن زېھنى كېتىدۇ ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ مەبلەغكە بىرلا مېھمانخانا ئاچسا ، 20% پايدىسى بولدى دېگەندىمۇ ، يىلدا 20 مىليون پايدا قالامدۇ ؟

## ئۆزگە ئىشىنىش

كەمبەغەللەر : كەمبەغەللەر ئالتۇن چىش سالدۇرۇپ ، پۇزۇر كىيىنىپ كاتتا جابدۇنغاندا ئاندىن ئۆزگە ئىشەنچ تۇرغۇزالايدۇ .

بايلار : شياڭگاڭلىق داڭلىق كارخانىچى لى جياچېڭ ئۆزىنىڭ باي بولۇش سىرى توغرۇلۇق توختالغاندا : «ئەمەلىيەتتە تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق ئالاھىدە بىر ئىش يوق ، سودام روناق تېپىپ كەتكەندە ، بەك خۇشال بولۇپ كەتمەيمەن ؛ سودام ئېپىدا بولماي قالسا ، بەك مەيۈسلىنىپ كەتمەيمەن» دېگەندى . سىرتقى كۈچلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندىلا ، ئاندىن توغرا قارار چىقارغىلى بولىدۇ .

## تورغا چىقىش

كەمبەغەللەر : توردا پاراڭلىشىدۇ ، بۇنداق بولۇشىدا ، بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ بوش ۋاقتى كۆپ ؛ ئىككىنچىدىن ، كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئەزەلدىن بىكار تۇرمايدۇ . كەمبەغەللەر دائىم باشقىلارنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىغا ئۇچرايدۇ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار چىرمىۋالغان ، شۇڭا ئۇلارنىڭ

# گېرمانىيىدە دەرەخكە دەپنە قىلىش ئەۋج ئالماقتا

● سەي يى ● ئىسمايىل ھېلىم تەرجىمىسى

دەرەخكە دەپنە قىلىش جەسەت كۈلىنى دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈش، قەبرە شەكىللەندۈرمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. دەرەخكە دەپنە قىلىش ئۆزىنىڭ تېجەشلىك، مەدەنىي، مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق بولۇشتەك ئوبرازى بىلەن گېرمانىيە پۇقرالىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشمەكتە.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دەرەخكە دەپنە قىلىشنى ياقتۇرۇپ قېلىشى ئۇنىڭدا سىزىلۇك ھەم قاتار ـ قاتار كەتكەن قەبرە تاشلىرىنىڭ بولماسلىقى، كىشىگە ھەسرەتلىك ئەمەس، بەلكى سۈكۈنات تۇيغۇسىنى بېرەلەيدىغانلىقىدىن ئىكەن. دەرەخمۇ تەبىئەتنىڭ سىمۋولى، ئۆزىنىڭ جەسەت كۈلىنى دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇش كىشىگە ھەقىقىي تۇردە تەبىئەتكە قايتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، دەرەخكە دەپنە قىلىش يەرگە دەپنە قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئىنسانىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ بىر تۈپ دەرەخ ئارقىلىق داۋاملىشىدىغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ.

ھازىر نۇرغۇن گېرمانىيىلىكلەر ئۆلۈمگە توغرا قارايدىغان بوپتۇ، ئۇلار ھايات چېغىدا ئورمانلىقتىكى مەلۇم بىر تۈپ دەرەخنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ماكانى قىلىپ تاللاپ قويىدىكەن. مەلۇم دەپنە شىركىتىنىڭ تېمىغا گېرمانىيىلىك ئۇلۇغ شائىر گيوتېنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىپ قويۇلغان: «قاتمۇقات تاغلار شۇ قەدەر جىمجىت، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازلىرىمۇ يوق، قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى قاياقلارغىدۇر غايىب بولغانىدى، چۈنكى ئۇلار سىنىڭ بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ.» بۇ سۆز گېرمانىيىلىكلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇلار ئورمانلىقتا مەڭگۈ ئۇخلاش ئارقىلىق تەبىئەتكە قايتىش غايىسىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دەرەخكە دەپنە قىلىش يەنە ئەرزان بولۇش، مۇھىت ئاسراشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. گېرمانىيىدە دەرەخكە دەپنە قىلىشنىڭ ئىجارە مۇددىتى 99 يىل، دەپنە ھەققى 770 ياۋرو، ۋەھالەنكى، ئادەتتىكى يەرگە دەپنە قىلىش ھەققى بىرقانچە مىڭ ياۋرو.

دەردى تولا، ئازراق سۆزلەپ قويسا بولمامدىكەن؟ پاراڭ قىلىشى يوللۇقتۇ!

بايلار: توردىن مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى ئىزدەيدۇ. بايلار تورغا ئاز چىقىدۇ، ئۇلار تورنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى ۋە تۇرلەرنى ئىزدەپ، تورنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

## ئىستېمال قىلىش

كەمبەغەللەر: داڭلىق ماركىلىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇلار يېڭى بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قىممەت باھالىق نەرسىنى چوقۇم ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بايلار: نەرسە تاللاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن داڭلىق ماركىلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار سېتىۋالماقچى بولغان تاۋارلارنىڭ باھاسىغا قارىغاندا، سۈپىتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. 15 يۈەنلىك ساپ پاختا رەختلىك كۆڭلەك سېتىۋېلىشقا رازى، ھەرگىزمۇ قىممەت باھالىق سۈنئىي تالالىق كىيىملەرنى ئالمايدۇ.



## مۇھەببەت ياشىسۇن

يۇ بياۋ

كەنتتە بىر چوكان قېينانىسى بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. چوكانغا قېينانىسى ئەزەلدىن ئۆچلۈك قىلىدىغاندەك، نەشتىرنى سانجىپ تۇرىدىغاندەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم قېينانىسىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كويىدىلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى، چوكان دوختۇرخانىغا بېرىپ، مېھرى ئىسسىق بىر ئايال دوختۇرغا:

— دوختۇر، قېينانامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلەيدىغان قانداق مەخپىي رېتسېپ بار؟ ئۇنىڭ خورلىشىغا زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى.

دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن سىزگە بىر خىل دورا بېرەي، ھەر كۈنى تاماقتىن ئىلگىرى قېينانىڭىزغا بىر تالدىن ئىچكۈزۈڭ، قېينانىڭىزنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن دورا بەرگەن چېغىڭىزدا ئىنتايىن مۇلايىم، كۆيۈمچان قىياپەتكە كىرىۋېلىڭ. ئۈچ ئايدىن كېيىن، قېينانىڭىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇ چاغدا يەنە كەلسىڭىز، دورىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ بېرىمەن، يۈزىنچى كۈنى، چوقۇم ئۆلۈمىنى كۆرىسىز، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چوكان دوختۇر يېزىپ بەرگەن دورىنى ئېلىپ ئۆيىگە خۇشال قايتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، چوكان دوختۇرنى ئىزدەپ كېلىپ:

— دوختۇر، مېنىڭ قېينانامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈم يوق، — دېدى.

— نېمىشقا پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى دوختۇر.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە قېينانامغا ھەر كۈنى تاماقتىن ئىلگىرى بىر تالدىن دورا ئىچكۈزگەندىن كېيىن، قېينانامنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى. ماڭا ئىنتايىن ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى، ھەتتا ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلىپ، مېنى كۆپرەك دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدىغان، ئۆز ئانامغا ئوخشاش كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا قېينانامنى قۇتقۇزۇپ قالمىسام بولمايدۇ، — دېدى چوكان كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ.

چوكاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دوختۇر كۈلۈپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، — دېدى دوختۇر، — خاتىرجەم بولۇڭ، قېينانىڭىز ئۆلۈپ قالمايدۇ. مەن بەرگەن دورا ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن يېيىشلىك پىرەنىك ئىدى. سىز ھەر قېتىم قېينانىڭىزغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن دورا ئىچكۈزگەندە، قېينانىڭىزمۇ سىزنىڭ مېھرىبان كېلىن ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپ، سىزگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن ھەمدە سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان. بىلىشىڭىز كېرەككى، باشقىلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك...



# سىزگە بىر مىليون يۈەن قەرز بېرەي

جۇ يەنۋېن

ئىككى قىز ساۋاقداش ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرى مىليادېر، يەنە بىرى يازغۇچى بولدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئاچا - سىڭىلدەك يېقىن ئۆتكەن، ھازىر ئۇلار بىر شەھەردە تۇرۇۋاتاتتى. داۋاملىق بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر قېتىم كۆرۈشمەكچى بولغاندا، يازغۇچى مىليادېرنى ماشىنىلىق ئاپىرىپ - ئەكېلىپ قوياتتى، تاماق پۇلىنىمۇ يازغۇچى تۆلەيتتى. ئاخىر يازغۇچى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار ھەر قېتىم ماشىنىدا كېتىۋاتقاندا، مىليادېرنىڭ ئېرى خوتۇنىنىڭ يانفونىغا تېلېفون ئۇرماي، يازغۇچىنىڭ يانفونىغا ئۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورايتتى.

يازغۇچى باشقىلارغا:

— ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بىخەتەرلىكى مۇھىم بولسا، مېنىڭ مۇھىم ئەمەسمىكىنا؟ — دەپ قاقشاپ بېرەتتى.

— ئۇ خوتۇنىنىڭ يانفون ھەققىنى تېجەش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان گەپ، كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنى تاكسىدا كەل دەڭ، ئېرى ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆزى ئاپىرىپ - ئەكېلىپ قويسۇن، — دېدى باشقىلار.

ئۇلار يەنە بىر كۆرۈشمەكچى بولغاندا، يازغۇچى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەگىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى. مىليادېر باھانە كۆرسىتىپ، كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى.

— ئېرىڭ ماشىنىلىق ئاپىرىپ - ئەكېلىپ قويمىسا، تاكسى توسۇپ كېلىشكە «قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ»؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

دېمىسىمۇ شۇدە!

مىليادېرنىڭ قىزى توي قىلغاندا، يازغۇچى مىڭ يۈەن سوۋغا قىلدى. تويغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇلدارلار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەندىن سوۋغا قىلىشتى. ئۇ پۇللارنىڭ يېنىدا يازغۇچىنىڭ پۇلى ھېچقانچە پۇل ھېسابلانمايتتى.

يازغۇچىنىڭ ئوغلى توي قىلغاندا مىليادېر 200 يۈەن سوۋغا قىلدى. تويغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى كىشىلەر بولغاچقا، سوۋغا قىلغان پۇلىمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 يۈەندىن ئاشمىدى. مىليادېرنىڭ پۇلى ئەڭ كۆپ ھېسابلىناتتى.

يازغۇچىنىڭ كېلىنى تۇيۇقسىز ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى، ئۇ مىليادېردىن 20 مىڭ يۈەن قەرز سورىدى.

— جېنىم قېرىندىشىم، 20 مىڭ يۈەنمۇ پۇل بولامدۇ، بىراقلا بىر مىليون يۈەن ئالامسەن، — دېدى مىليادېر.

يازغۇچى ئۇنچە كۆپ پۇلنى قايتۇرالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يا سودىگەر بولمىسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تىيىنمۇ قەرز ئالمىدى.



# لىن بياۋنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقىنى كىم ئاشكارىلىغان

پېڭ جيەندۇڭ

ئالىمجان تاھىر تەرجىمىسى

## 1

1950 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىدى. ماۋ زېدۇڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ سىياسىي بيۇرونىڭ يىغىنىنى چاقىردى. بۇ چاغدا لىن بياۋ گۇاڭجۇدا ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا لىن بياۋ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ بېيجىڭغا تېزدىن قايتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ رەسمىي تېمىغا كېلىپ:

— مەن، شاۋچى ۋە زۇڭلىلار مەسلىھەتلىشىپ، سىزنى چاۋشيەنگە بارىدىغان پىدائىي قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدۇق، سىزنىڭچە قانداق؟ — دېدى.

— نەچچە ئايدىن بېرى سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، تەرلەپلا تۇرىمەن، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق، كۆزۈم تورلىشىپ بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ، كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. مەن قان تۆكسەم ياكى قۇربان بولسام، بۇ كىچىك ئىش، بىراق بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتىن قورقىمەن، شۇڭا مېنىڭدىنمۇ قابىل، سالامەتلىكى ياخشىراق بىر يولداشنى ئەۋەتسەك قانداق ... — دېدى لىن بياۋ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ماۋ زېدۇڭ بىر ئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر قوللۇق تەربىيىلەنگەن ئەتىۋارلىق سەركەردىسىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ماۋ زېدۇڭ تەربىيە كۆرگەن سىياسىيون - دە، شۇڭا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي:

— ئۇنداق بولسا ياخشى ئارام ئېلىڭ! ئەگەر جەنۇبىي جۇڭگونىڭ داۋالاش شارائىتى ياخشى بولمىسا بېيجىڭغا كېلىپ داۋالىنىڭ. سالامەتلىك ياخشى بولمىسا مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن قانداقمۇ چىققىلى بولسۇن ... — دېدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەركەزدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇل دوختۇر فۇ ليەنجاڭ لىن بياۋنى كۆرگىلى كەلدى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— رەئىس ماۋ زېدۇڭ باش قوماندانىنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. مەن شاڭخەي، تيەنجىن ۋە بېيجىڭلاردىن بىر

تۈركۈم ئەڭ مۇنەۋۋەر تېببىي مۇتەخەسسەسلەرنى ئەكېلىپ باش قوماندانىنىڭ سالامەتلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرمەكچىمەن، شۇڭا مەن رەئىسنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلغىلى كەلدىم، بۇ خىزمەتكە يولداش شياۋ خۇا مەركەزگە ۋاكالىتەن مەسئۇل بولىدىغان بولدى. مېنىڭ لىن باش قوماندانىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى.

بۇ سۆز لىن بياۋ ئەر - خوتۇنلارنىڭ بېشىغا خۇددى غايەت زور تاغدەك يۈك بولدى. لىن بياۋ يالغاندىن ئاغرىپ يېتىۋالغانىدى، چۈنكى پاختىنىڭ ئىچىدە ساقلىغىلى بولمايتتى، بىر تۈركۈم تېببىي مۇتەخەسسىسلەر بىرلىكتە دىئاگنوز قويسا، ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. ناۋادا، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى لىن بياۋغا ئايان ئىدى.

لىن بياۋنىڭ كېسىلى باشقىلار ئۈچۈن سىر بولسىمۇ، لېكىن فۇ لىيەنجاڭنىڭ ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار ئىدى. لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئىدى، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇ شامالدىن، كۈن نۇرىدىن، سۇدىن، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ... قورقاتتى، «مۇتەئەسسىپ كىشى»گە ئايلىنىپ قالغانىدى. لىن بياۋنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگە نەچچە قات پەردە تارتىلغان بولۇپ، شامال ۋە كۈن نۇرى كىرەلمەيتتى. ئەمما، لىن بياۋ فۇ لىيەنجاڭدىن ناھايىتى ئەنسىرەيتتى، فۇ لىيەنجاڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كەلسىلا، لىن بياۋ ناھايىتى ئېغىر كېسەللەرگە ئوخشاش ئىڭراپ يېتىۋالاتتى.

فۇ لىيەنجاڭ لىن بياۋنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خۇپسەنلىك قىلىدىغانلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر تۇرۇقلۇق كىچىككىنە كېسەلگە ۋايساپ يېتىۋالىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئەھۋالنى ماۋ زېدۇڭغا مەلۇم قىلغاندا، راستىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

1953 - يىلى فۇ لىيەنجاڭ شاڭخەي، تيەنجىن ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن تېببىي ئىلىم مۇتەخەسسىسلىرىنى يىغىپ، لىن بياۋنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، شياۋ خۇا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە مەسئۇل بولدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، قول ئاستىدىكى كادىرىنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇشقا بۇنچىلىك كۆچىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

بىراق، لىن بياۋ ۋە ئايالى بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتۈپ كېتىش ئەرشكە چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىن بياۋ ئىزچىل زەھەر چېكىۋاتاتتى. يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، بىر كوممۇنىستنىڭ زەھەر چېكىشى ناھايىتى ئېغىر مەسىلە ئىدى. لىن بياۋ ناھايىتى بىئارام بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقى ۋە يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، پارلاق كېلەچىكىنىڭ سۇغا چىلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئۇ كۆڭلىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقى ۋە ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى، ھېلىتىنلا بەزىلەرنىڭ بۇنىڭغا قايىل بولماي ئۆسەك سۆز تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى.

يې چۈن فۇ لىيەنجاڭنىڭ يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئىلاجسىز ئەھۋالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرمايمۇ بولمايتتى، يې چۈن لىن بياۋغا:

— ئۆلگەن جاندىن ئۈمىد كۈتمەي ئامال

يوق . مەن ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇ-
نىڭدىن ياردەم سوراپ باقاي ، — دېدى .

2

ئەتىسى ، يې چۈن فۇ لىيەنجاڭنىڭ ئۆيىگە
باردى ھەم بىرقانچە ئېغىز ئامانلىق سوراشقان-
دىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتتى .
يې چۈن تولىمۇ غەمكىن ھالدا :
— بىز 20～30 يىللىق قەدىناس
دوستلاردىن ، لىن باش قوماندانىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى خەتەرلىك ، بەزىلەر ھازىرلا ئۇسەك
سۆز تارقىتىشقا باشلىدى . ئۇرۇش يىللىرىدا
ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇۋىدى ، بە-
زىلەر ھەسەتخورلۇق قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ
سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىلا بەزىلەر خوشال
بولىدۇ . بۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش
ئۈچۈن بۇنداق چوڭ كۆلەملىك دىئاگنوز قو-
يۇش ئىشىنى ئېلىپ بارمىساق ... — ئۇ سەل
تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇر -
دى ، — مۇبادا ، مىنىستىر ئۆزلىرى لىن
باش قوماندانغا كېسەللىك ئىسپاتى يېزىپ بەر-
سىلە ، بۇ مەسىلىلەر ھەل بولاتتى .
فۇ لىيەنجاڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ
ھەيران قالدى ، بۇ يالغان ئىسپات يېزىپ بەر
دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ ئۇ لىن بياۋنىڭ قورسى-
قىدا جىن بارلىقىنى ، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىش-
نىڭ ئەپسىزلىكىنى بىلدى . لېكىن ، بۇلار
ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس ئىدى ، ئۇلارنىڭ
چىشىغا تېگىپ قويۇشقا بولمايتتى . فۇ لىيەن-
جاڭ تەڭلىكتە قالغاندەك :
— مەن بۇنداق ئىسپاتنى يېزىپ بېرەل-
مەيمەن . بۇ قېتىم لىن باش قوماندانىنىڭ سا-
لامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى رەئىس ئۆزى ئو-
رۇنلاشتۇرغان ... كېڭىشىپ دىئاگنوز قويۇش
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، يېزىپ بېرەي ، —
دەپ يې چۈننىڭ يولسىز تەلىپىنى تەكەللۇپ
بىلەن رەت قىلدى .
فۇ لىيەنجاڭ ياردەم قىلىشقا كۆنمىگەندىن
كېيىن ، تەكشۈرۈش «ئۆتكىلى»دىن ئۆتمەي
ئامال يوق . شۇنىڭ بىلەن مۇتەخەسسىسلەر
لىن بياۋنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى ھەم
بۇنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە دەپ بە-
لىپ ، نېرۋا ، ئۆپكە ، يۈرەك ، سۈيدۈك ،
قان ، جىگەر ۋە ئۆپكە قاتارلىقلارنى بىر —
بىرلەپ تەپسىلىي ، سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ
چىقتى .
بىراق ، مۇتەخەسسىسلەر ھېچقانداق كې-
سەل بايقىمىدى ، لىن بياۋنىڭ نېمە ئۈچۈن
ئېغىر كېسەللەردەك يېتىۋالىدىغانلىقىنىڭ
سەۋەبىنى زادى بىلەلمىدى . ئاخىردا مۇتەخەس-
سىسلەر بىردەك پىكىرگە كېلىپ ، لىن بياۋ-
نىڭ كېسىلى نېرۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، بو-
لۇپمۇ ئۇنىڭ زەھەر چېكىشى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك دەپ قارىدى .
تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قانداق يېزىش مە-
سىلىسىدە ، فۇ لىيەنجاڭنىڭ بېشى تازا قاتتى .
ئۇ قايتا - قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ، رەئىس
ماۋ زېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا
مەسئۇل بولۇش يۈزىسىدىن راستىنى ئېيتىش-
نى قارار قىلدى . ھەرقايسى مۇتەخەسسىسلەر-
نىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ، بىر
پارچە ئىلمىي دوكلات يېزىپ ، ماۋ زېدۇڭغا
بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بەردى .
ماۋ زېدۇڭ دوكلاتنى كۆرگەندىن كې-
يىن ، كۆڭلىدە ئەھۋالنى تولۇق بىلدى ، ئۇمۇ
سەل ئارىسالدى بولدى ، لىن بياۋ ۋە يې چۈنگە
بىۋاسىتە ، يۈزمۇيۈز زەھەر تاشلاش ھەققىدە
پىكىر بېرىش بىر ئاز قولايسىز ئىدى . ئۇ كۆپ
ئويلانغاندىن كېيىن ، فۇ لىيەنجاڭ ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ پىكرىنى لىن بياۋغا يەتكۈزۈشنى قا-
رار قىلدى . فۇ لىيەنجاڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى

دەرھال چۈشەندى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، فۇ ليەنجاڭ لىن بياۋنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇ يې چۈن بىلەن كۆرۈشۈپ گەپنى ئەگىتىپ :

— كېڭىشىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى ، لىن باش قوماندانىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدا ھېچقانداق مەسىلە يوقكەن ، — دېدى . يې چۈن دەرھال گەپكە ئارىلىشىپ ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ :

— لىن باش قوماندانىنىڭ باشقا كېسىلى يوق ، ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىز ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىغان باشقىلار بىلمەيدىغان ئەھۋاللارنى مەن بىلىمەن ، — دېدى .

يې چۈننىڭ ئەلپازى يامان ئىدى ، فۇ ليەنجاڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كەلگەندىن كېيىن ، گەپ ئوينىتىپ ئولتۇرماي ، تەمكىنلىك بىلەن :

— سىز لىن باش قوماندانىنى كۆپرەك سىرتلارغا ئاچىقىپ ، ھەرىكەت قىلدۇرۇڭ ؛ يېمەكلىككە دىققەت قىلىڭ ، كۆكتات ، مېۋە - چېۋىنى كۆپرەك يېسۇن ... — دېدى ۋە سەل ئىككىلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — سىز لىن باش قوماندانغا ئېيتىڭ ، ئۇ مورفىننى تاشلىسۇن . مورفىن ئادەم بەدىنىگە ئىنتايىن زىيانلىق ، كېسەلدىنمۇ يامان . ئەلۋەتتە ، مورفىننى تاشلاش مۇشكۈل ئىش ، بىز ئۇزۇن يىللىق تونۇشلاردىن ، مېنىڭ تۈزلۈكۈمنى كەچۈرۈڭ .

## 3

زەھەر چېكىش لىن بياۋ ، يې چۈنلەرنىڭ ئەجەللىك يېغىرى ئىدى . ئېھتىمال فۇ ليەنجاڭنىڭ ئۇلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك ، يې چۈننىڭ ھېلىقى تەكەببۇرلۇقى ، مەنمەنچىلىكى ۋە يولسىزلىقى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قاياقلارغىدۇ غايىب بولدى . ئۇ قىزىرىپ - تاتىرىپ ، فۇ ليەنجاڭغا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا دېدى :

— مەن مىنىستىرنىڭ بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن . بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ، لىن باش قوماندانىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ .

ئەمما ، ئۇزۇن ئۆتمەي لىن بياۋنىڭ زەھەر چېكىدىغانلىقى پارتىيىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئارىسىدا ئاشكارا مەخپىيەتلىككە ئايلاندى . لىن بياۋنىڭ سالامەتلىكى ، ئىناۋىتى ۋە ئىستىقبالى ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ماۋ زېدۇڭ ياخشى بىر چارە تېپىپ ، لىن بياۋنى زەھەر تاشلاشقا ئاگاھلاندۇردى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، لىن بياۋ ئىشخانىسىدا ئۇزۇن يالغۇز ئىدى ، ئۇ ئىككى قولىنى ئارقىغا قىلىپ ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋاتاتتى . ئۇشتۇمتۇت مەخپىي ھۆججەتلەرگە مەسئۇل كاتىپى ئالدىراش كىرىپ لىن بياۋغا بىر پارچە خەت بەردى . لىن بياۋ كونۋېرتتىكى «لىن بياۋغا تېگىدۇ» دېگەن خەتلەردىن ماۋ زېدۇڭنىڭ پوچېركىسىنى تونۇۋالدى .

ئۇ خەتنى ئالدىراش ئاچتى ، خەتتە ساۋ ساۋنىڭ بىر پارچە شېئىرى يېزىلغانىدى . بۇ چاغدا يې چۈنمۇ كىرىپ خەتنى كۆردى ھەم سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ، بىرنېمىنى بىلگەندەك بولدى .

— فۇ ليەنجاڭ ئارقامدىن پىچاق ساپتۇ ، — لىن بياۋ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى ، — ئۇ رەئىسكە مېنى چېقىشتۇرۇپتۇ . سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان گەپلىرىڭمۇ بىكار كېتىپتۇ ، ئۇ قىلچە يۈز - خاتىر قىلماپتۇ . خەير ، بىزگىمۇ پۇرسەت كېلەر !

لىن بياۋ فۇ ليەنجاڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .



# يۈرەككە تەگكەن گەپ

گۇلباھار ئەخەت تەرجىمىسى

بىر ئېيىقچاق چاتقاللار ئارىسىغا كىرىپ
قېلىپ چىقالماي تۇرغاندا ، بىر ئوتۇنچى كې-
لىپ قېلىپ ئۇنى چىقىرىپ قويۇپتۇ . بۇنى
كۆرگەن ئانا ئېيىق :
— خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي
ساخاۋەتچىم ، ماڭا چوڭ ياردەم قىلدىڭ ،
دوست بولۇپ قالساق ، قانداق دەيسەن ؟ —
دەپتۇ .
— ھىم ، قانداق بولار …
— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟
— نېمە دېسەم بولار ؟ ئېيىقلارغا بەك
ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ، ھەممە
ئېيىق شۇنداق دېگىنىم ئەمەس .
— ئادەملەرگىمۇ ئىشىنىپ كەتكىلى
بولمايدۇ ، — دەپتۇ ئېيىق جاۋابەن ، —
بىراق ، مەنمۇ سېنى دېمەكچى ئەمەسمەن .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياخشى دوستلاردىن
بولۇپ قاپتۇ .
بىر كۈنى ئاخشىمى ، ئوتۇنچى ئورمانلىق-
تا ئېزىپ قاپتۇ . ئۇ ئۇخلىغۇدەك يەر تاپالماي
ئېيىقنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ . ئېيىق ئۇنى بىر
ئاخشام قوندۇرۇۋاپتۇ ھەم مول غىزالار بىلەن
مېھمان قىپتۇ . ئەتىسى ئەتىگىنى ئوتۇنچى مې-
ڭىشقا تەمشەلگەندە ، ئېيىق ئۇنى سۆيۈپ قو-
يۇپ :
— مېنى كەچۈر ، بۇرادەر ، سېنى ئوب-
دان كۈتەلمىدىم ، — دەپتۇ .
— تۈزۈت قىلىپ كەتمە ، ئېيىق ئا -
داش ، — دەپتۇ ئوتۇنچى ، — مېنى ئوبدان
كۈتكىنىڭدە گەپ يوق ، بىراق بىرلا يېرىڭ
ماڭا ياقمىدى ، بەدىنىڭ بەك سېسىق پۇرايدى-
كەن .
ئېيىق بۇ گەپتىن تولىمۇ
بىئارام بوپتۇ .
— پالتاڭ بىلەن بېشىمغا بىر-
نى چاپە ، — دەپتۇ ئېيىق ئوتۇنچىغا .
ئوتۇنچى ئۇنىڭ بېشىغا بوشقىنا بىرنى
ئۇرۇپتۇ .
— قاتتىق چاپ ! تېخىمۇ
كۈچەپ چاپ ، — دەپتۇ ئېيىق .
ئوتۇنچى كۈچەپ بىرنى چېپىپتىكەن ،
ئېيىقنىڭ بېشىدىن ئىسسىق قان ئوقتەك ئې-
تىلىپ چىقىپتۇ . ئېيىق ۋايساپمۇ قويماپتۇ ،
ئوتۇنچى كېتىپ قاپتۇ .
بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ، ئوتۇنچى ئې-
يىقنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىن يەرگە كېلىپ
قاپتۇ - دە ، ئۇنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بوپتۇ .
ئېيىق ئۇنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكىدەك مول تا-
ئاملار بىلەن قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ . خۇشلىشى-
دىغان چاغدا ئوتۇنچى :
— يارىڭ ساقىيىپ قالدىمۇ ،
بۇرادەر ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— قايسى يارىنى دەيسەن ؟ — دەپتۇ
ئېيىق .
— مەن بېشىڭغا پالتا چېپىپ قالدۇر-
غان يارىچۇ ؟
— ھە ، شۇ كۈنى جېنىمدىن ئۆتكۈدەك
بىر ئاغرىۋالدى ، كېيىن توختاپ قالدى ، يارام
ساقايغاندىن كېيىن ئۇنتۇپمۇ قاپتىمەن . لې-
كىن ، شۇ كۈنى قىلغان بىر ئېغىز سۆزۈڭ
تا ھازىرغىچە يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ ، —
دەپتۇ ئېيىق .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كىشىلەر ئىشكىتىن چىقىپلا ، ھەرقانداق سۆزىدە «ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»نى دەۋېتىپ ، ئاندىن بېجىرمەكچى بولغان ئىشىنى دەيتتى . بىر كۈنى ، مەن گۇڭشېنىڭ تەمىنات سودا كوپىراتىپىغا باردىم ، ئىشىكتىن كىرىپلا ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن پىركازچىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم :

ئوقۇغۇچى : ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش — ماڭا بىر قەلەم بېرىڭە .

پىركازچىك : خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى — قايسى خىلىنى ئالىسىز ؟

ئوقۇغۇچى : بىز ھەممىمىز ھەريەر - ھەريەرلەردىن كەلگەن — بىرنەچچىنى بېرىڭ ، تاللىۋالاي .

پىركازچىك : لىبېرالىـزمـغا قارشى تۇرايلى — تاللاشقا بولمايدۇ ، قايسىنى ئالسىڭىز شۇنى ئېلىڭ .

مىسىغا مەنسۇپ — ئالساڭ ئال ، ئالمىساڭ قوي .

ئوقۇغۇچى : مۇشتۇمزور - تەييارتاپلارنى يوقىتايلى — بۇ سىزنىڭ قانداق خىزمەت پوزىتسىيىڭىز ؟

پىركازچىك : دوستلۇقمۇ ياكى تاجاۋۇزچىلىقمۇ — نېمە بولدى ، سوقۇشامسەن ؟

ئوقۇغۇچى : ئەكسىيەتچىلەرنى ئۇرمىغۇچە ھەرگىز يوقالمايدۇ — مېنى سەندىن قورقىدۇ دەمسەن ؟

ئۇلارنىڭ جېدىلىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئارىغا چۈشۈپ چۈشەندۈردۈم : ئىتتىپاقلىشىش كېرەك ، پارچىلىنىشقا بولمايدۇ — گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشىڭلار .

ئوقۇغۇچى : ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بارىمىز — قېنى نېمە قىلالايسەن ؟

پىركازچىك : باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا

## ئاجايىپ پاراڭ

● شېن دېمىڭ ● خۇرشىدە ئىبراھىم تەرجىمىسى

ئوقۇغۇچى : بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز خەلققە مەسئۇل بولۇش — ماڭا بىرنەچچىنى ئېلىپ بەرمەمسىز ، تاللىۋالاي .

پىركازچىك : لۇشەن مەسىلىسىدە مۇرەسسە قىلىشقا بولىدىغان ئورۇن يوق — تاللاشقا بولمايدۇ ، دېگەندىكىن بولمايدۇ .

ئوقۇغۇچى : دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قوغدايمىز — نېمىشقا ماڭا تاللاتقۇزمايسىز ؟

پىركازچىك : دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرىمىز — ھېچنېمىگە ، تاللاتقۇزمايمەن دېدىممۇ تاللاتقۇزمايمەن !

ئوقۇغۇچى : خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك — مۇشۇنداقمۇ مال سېتىش بولامدۇ ؟

پىركازچىك : بارلىق ھوقۇق دېھقان ئام-

بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلمايمىز — مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەمسەن ؟

ئوقۇغۇچى : باشقىلار بىزگە چېقىلسا ، بىزمۇ ئۇلارغا بوش كەلمەيمىز — پىركازچىك بولغىنىڭغا كۆرەڭلەۋاتامسەن ؟

ئۇلاردىن ھېچقايسىسىنىڭ ئاغزى بېسىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئوقۇغۇچىغا نەسىھەت قىلدىم : دۈشمەن ئالغا ئىلگىرىلىسە ، بىز چېكىنىمىز — سەن ھازىر كېتىپ ، ئەتە كېلىپ ئال ، بولامدۇ ؟ ئوقۇغۇچى سۆزۈمنى ئاڭلاپ رايىشلىق بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ دېدى : خەير - خوش ، ستوئارت — ھەم !

پىركازچىك غەلىبىگە ئېرىشكەن گېنېرالدەك گىدەيگىنىچە دەرھال ئورنىدىن تۇردى : بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس — توفى !

مېنىڭ ئىببوت بىلەن تونۇشقىنىمغا بىر-
نەچچە يىل بولدى. ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ھېكايە
ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ ھېكايە مەڭگۈ ئېسىم-
دىن چىقمايدۇ:

1934 - يىلى باھار، مېنىڭ ۋېببي شە-
ھىرىدە مىلىچاللار دۇكىنى ئېچىۋاتقىنىمغا
ئىككى يىل بولغانىدى، مېنىڭ بارلىق بانكا
ئامانەت پۇللىرىم تۈگەپلا قالماي، قەرزلىرىم-
مۇ كۆپەيگىلى تۇردى، بۇ قەرزلەرنى يەتتە
يىلدا ئاران قايتۇرۇپ بولالايتتىم. ئالدىن-
قى شەنبە كۇنى دۇكاننى تاقىۋەتتىم. مەن
ھازىر بانكىدىن قەرز ئالساملا كانساسقا بېرىپ
خىزمەت تاپالايتتىم. مېڭىشىممۇ ئېغىر زەر-
بىگە ئۇچرىغان ئادەملەردەك بولۇپ كەتتى.

پۇتىمنىڭ بارلىقى، ماڭالايدىغانلىقىمدىن ئۆ-
زۈمنى تولىمۇ دۆلەتمەن ھېس قىلدىم، ئۆ-
زۈمنى ئۆزۈمدىن بېرى تولىمۇ بىچارە تۇتۇپ
كەلگەنلىكىمدىن نومۇس قىلدىم. «ئۇنىڭ پۇ-
تى يوق تۇرۇقلۇق ئۆزىنى شاد - خۇرام ھېس
قىلالىسا، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىيالىسا، مەن
پۇتۇم بار تۇرۇقلۇق ئەلۋەتتە شۇنداق بولى-
مەن» دەپ ئويلىدىم ھەم كۆڭلۈم ئېچىلىپ
قالغاندەك بولدى. مەن ئەسلىدە بانكىدىن يۈز
دوللار قەرز ئالماقچىدىم، بىراق بىردىنلا
ئىككى يۈز دوللار قەرز ئېلىش نىيىتىگە كەل-
دىم. ئەسلىدە مەن كانساسقا بېرىپ خىزمەت
تاپماقچى بولغانىدىم، بىراق ھازىر ئىشەنچ بى-
لەن ئۆزۈمنىڭ كانساستىن خىزمەت تاپقانلى-
قىمنى جاكارلىماقچى بولدۇم. ئاخىر پۇلنىمۇ



# مېنىڭ ئايىغىم يوق، ئۇنىڭ پۇتى يوق

دالې كارنېگ (ئامېرىكا)

ئارزۇگۈل كېرىم تەرجىمىسى

مەن بارلىق ئىشەنچ ۋە ئىرادەمنى يوقاتقانىد-
دىم. توساتتىن، پۇتى يوق بىر ئادەمنى ئۇچ-
رىتىپ قالدىم، ئۇ ياغاچتىن ياسالغان چاقلىق
ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىك-
كى قولىدىكى تاياقتا تايىنىپ ھارۋىنى ھەيد-
دەيتتى، مەن ئۇنى يولدىن ئۆتۈپ بولغاندىن
كېيىن ئېنىق كۆرەلىدىم، ئۇ ئاستا پىيادىلەر
يولىغا چۈشۈپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندا، كۆز-
لىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى.

— خەيرلىك سەھەر، ئەپەندى، —
دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بۈ-
گۈن ھاۋا بەك ياخشى ئىكەن - ھە؟

ئۇ تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى. مەن ئۇ-
نىڭغا قاراپ تۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئىككى

قەرز ئالدىم، خىزمەتنىمۇ تاپتىم.

كېيىن مەن مۇنچىدىكى ئەينەككە تۆۋەن-
دىكى خەتلەرنى چاپلاپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى
ساقىلىمنى ئالغۇچە بىر قېتىم ئوقۇيدىغان
بولدۇم:

«مەن تولىمۇ مەيۈسلىنىمەن، چۈنكى
مېنىڭ ئايىغىم يوق.

بىر كۈنى كوچىدا بىر ئادەم بىلەن ئۇچ-
رىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىكەن!»

بىر كۈنى، مەن رىكېنبېيكتىن سورى-
دىم:

— سەن ھەمراھلىرىڭ بىلەن قولۋاقتا
ئولتۇرۇپ تىنچ ئوكياندا ئېزىپ قالغان چې-
غىڭدا قانداق چوڭ ساۋاق ئالدىڭ؟

# مېنى قاچانغىچە سۆيىسىز

— سىز مېنى قاچانغىچە
سۆيىسىز ؟ — سورىدى قىز يىگىتتىن .

— مەڭگۈ ، — دەپ جاۋاب بەردى يە-
گىت .

مەڭگۈ دېگەن نېمە ؟ ھازىر مەڭگۈ دەيدى-
غان كىشىلەر بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى .
بىزنىڭ بىر ئادەمگە بولغان مۇھەببىتىمىز ئۇ-
نىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولسا بولىدۇكى ، ھەر-
گىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس . بىزنىڭ سۆيگەن ئادىمىمىز
ئالەمدىن ئۆتسە ، بىز ئۇنى ئاۋۋالقىدەكلا مەڭ-
گۈ سۆيىمىز ، لېكىن بۇ سۆيۈش ھاياتىمىز-
نىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

دۇنيادا ئەلۋەتتە ئاتالمىش «مەڭگۈ» بار ،
ئالىملىرىمىزنىڭ دېيىشىچە ، 60 مىليون يىل-
دىن كېيىن ئاخىر زامان بولىدىكەن .

ئۇ چاغدا قۇياش ئەڭ ئاخىرقى دەۋرگە
كىرىدۇ ، ئۇنىڭ يادرو يېقىلغۇلىرى تۈگەيدۇ ،
قۇياش يوغىناپ غايەت زور قىزىل شارغا ئايلى-
نىدۇ ، ئەتراپىدىكى ئوت ئۇچقۇنلىرى يەر شا-
رى ئەتراپىغىچە يامراپ ، قۇياش سىستېمىسى
ئىچىدىكى مېركۇرىي ، ۋېنېرا ۋە يەر شارى
ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالىدۇ ، يەر يۈزىدىكى
بارلىق ھاياتلىق كۆلگە ئايلىنىدۇ .

مەن سىزنى قاچانغىچە سۆيەلەيمەن ؟ ئە-
گەر مەڭگۈ دېسەم ، بۇ سىزنى ئالدىغانلىق بو-
لىدۇ ، مەڭگۈ 60 مىليون يىلدىن كېيىن دې-
گەن گەپ . مەن بىلەن سىزنىڭ ئۇ ۋاقىتقىچە
ھايات تۇرالىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتى
بولىدۇ . قۇياش تۈگەيدۇ ، ھاۋامۇ تۈگەيدۇ ،
يېقىلغۇلار تۈگەيدۇ ، زېمىن ـ قۇۋۋەت تۈگەي-
دۇ ، سەۋر ـ تاقات تۈگەيدۇ ، جەڭگىۋارلىق
تۈگەيدۇ ، مۇھەببەت قانداقلارچە تۈگىمەيدى-
كەن ؟

مۇھەببەت تۈگىگەن ۋاقىتتا ، بارلىق نەر-
سە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆلگە ئايلىنىدۇ ، ئاز-
راقمۇ ئىز قالمايدۇ ، شۇ ۋاقىتتا سىز ئەينى
چاغدا مەندىن : «مېنى قاچانغىچە سۆيىسىز»
دەپ سورىغىنىڭىزنى ئەسلىيەلەمسىز ؟

مەن سىزنى ئۆمرىڭىزدىنمۇ ئۇزۇن ۋا-
قىت سۆيىمەن ، بىراق ئۆزۈمنىڭ
ئۆمرىدىن ئۇزۇن ۋاقىت سۆيۈشكە ئامال-
سىزمەن .

— مەن ئالغان ئەڭ چوڭ ساۋاق شۇ-
كى ، يېنىڭدا تاتلىق سۇ بولسىلا ئۇنى ئىچىش
كويىدا بول ، يېنىڭدا ئوزۇق ـ تۈلۈكۈڭ بول-
سىلا ، ئۇنى يېيىش كويىدا بول ، ھەرگىزمۇ
باشقا نەرسىلەردىن ئاغرىنما .

سىمىس ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەقىل ـ
پاراسىتىنى ئىنتايىن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ
بەردى : «ئىنسانلارنىڭ ياشاش مەقسىتى پە-
قەت ئىككى ئىش ئۈچۈن : بىرى ، ئۆزى ئې-
رىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشىش ؛ ئىك-
كىنچىسى ، ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن
بەھرىلىنىش . پەقەت ئەڭ ئەقىللىق كىشى-
لەرلا ئىككىنچى نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرا-
لايدۇ .»



## دوستلۇق ۋە بايلىق

بىر ئادەمنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان دوستى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مەن بۇ قاراشنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمدا، سەل گۇماندا بولغانىدىم. بىراق، كېيىن بىر ئىشقا يولۇققاندىن كېيىن بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندىم.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، «بايلىق يارىتىش» دېگەن تېمىدىكى مۇلاھىزە يىغىنىغا قاتناشتىم. يىغىن قاتناشچىلىرىدىن بىرى نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «كۆپچىلىك بىر ۋاراق قەغەزگە ئۆزۈڭلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، يەنى ئەڭ يېقىن دوستۇڭلاردىن ئالتە ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىپ چىقىڭلار. يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئايلىق كىرىمىنىمۇ خاتىرىلەپ قويۇڭلار. ئاندىن بۇ ئالتە ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى ھېسابلاپ چىقىڭلار. بۇ سان سىلەرنىڭ ئايلىق كىرىمىڭلارنى بەلگىلەيدۇ.»

كېيىن، مەن بۇ ئويۇننىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىنى، ئالاقىنىڭ كۈچىنى، يەنى دوست تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. جۇڭگولۇقلاردا: «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دەيدىغان گەپ بار. ئامېرىكىلىقلاردىمۇ: «ئەخمەق بىلەن ياشىساڭ كۈنۈڭ يەپ - ئىچىش بىلەن ئۆتىدۇ؛ ئاقىل بىلەن ياشىساڭ كۈنۈڭ پىكىر قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ھەر ئىككىسىنىڭ تېگى بىر، ھەر ئىككىسى بىزگە دوست تاللاشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دوستنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ، ئۇ بىر كىشىنىڭ ھاياتىغا بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە مەن كۆپچىلىككە دوستنى قانداق تاللاش توغرۇلۇق تەلىم بەرمەكچى ئەمەس، مېنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنىم، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كەسىپتە نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم دوست تاللاشتا ئېھتىياتچان بولۇڭ.

ئەگەر يېقىن دوستىڭىز بىرەر شىركەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولسا، سىلەر بىر يەرگە جەم بولغاندا پاراڭ تېمىڭلار چوقۇم شىركەتنى قانداق باشقۇرۇش، تىجارەتتە قانداق يول تۇتۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ئەگەر يېقىن دوستىڭىز شىركەت خىزمەتچىسى بولسا، سىلەرنىڭ پاراڭ تېمىڭلار قانداق خىزمەت قىلىش توغرۇلۇق بولىدۇ؛ ئەگەر يېقىن دوستىڭىز ئۆي - مۈلۈك سودىگىرى بولسا، پاراڭ تېمىڭلار چوقۇم ئۆي - مۈلۈك توغرۇلۇق بولىدۇ...

ئەگەر كېلەر قېتىم دوستىڭىز بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسىڭىز، ئاساسلىق پاراڭ تېمىڭلارنى خاتىرىلىۋېلىڭ، شۇ چاغدىلا بۇ سۆزنىڭ مۇھىم مەنىسىنى چۈشىنىۋالالايسىز.

ئەگەر قانات كېرىپ كۆكتە پەرۋاز قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز قىران بۈركۈتلەر توپى بىلەن ئارىلىشىڭ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇڭ؛ ئەگەر پەقەت توخۇلار توپىغا ئارىلىشىپ يۈرسىڭىز، ھەرگىزمۇ كۆكتە پەرۋاز قىلالمايسىز.

شۇ يىلى داڭلىق كېللېپي شىركىتى كەسكىن بازار رىقابىتىدە ، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى ، شىركەتنىڭ سېتىش سوممىسى شىددەتلىك تۆۋەنلەپ ، زور بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار كەينى - كەينىدىن شىركەتتىن چىقىپ كەتتى ، قالغان خىزمەتچىلەرمۇ ئۆز ئىستىقبالىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىش يولى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلىدى . شىركەتتە بىر مەزگىل يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى .

شىركەت قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، شىركەت لىدېرى ئىۋېرسون خىزمەتچى خادىملارنى ئاجايىپ تەسىرلىك بىر مەيدان لېكسىيە ئاڭلاشقا تەشكىللىدى . ھەممىنى ھەيران قالدۇرغىنى ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە مەدەت بېرىش جەھەتتە زۆرۈر بولغان ھالقىلىق پەيتتە ، لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغىنى سودا ساھەسىدە ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولماستىن ، بەلكى جونسون ئىسىملىك ئون ياشلىق ئۆسمۈر ئىدى ! لېكسىيە سۆزلەش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولدى : لىدېر ئىۋېرسون بىلەن ئۆسمۈر جونسون مۇنبەردە ئاددىي سۆھبەت ئېلىپ باردى ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ سۆھبىتى كىشىنى ئويغا سالاتتى .

ئىۋېرسون سۆھبەتنى باشلىدى :

# ئون ياشلىق بالىنىڭ لېكسىيىسى

سۇي شيۇجيەن



— جونسون سېنىڭ گېزىت توشۇۋاتقىنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟

جونسون مەغرۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى :

— ئۈچ يىل بولدى ، يەتتە يېشىمدىن باشلىغاندىم .

— بىر گېزىتتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قانچىلىك پايدا ئالىسەن ؟ — سورىدى ئىۋېرسون .

— ھازىر بىر گېزىتتىن ئون سېنت پايدا ئالىمەن ، ئانچە - مۇنچە قىلىدىغان خىراجەتلىرىم بۇنىڭ سىرتىدا ، — دېدى جونسون كۈلۈمسىرەپ .

— ھەر كۈنى خۇشال يۈرگىنىڭگە قارىغاندا ، تاپاۋتىڭ جايىدا ئوخشىمامدۇ ؟

— مەن ھەر كۈنى خۇشال يۈردىمەن ، بۇنىسى راست ، بىراق پۇل تېپىش يولى ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ ، — دېدى جونسون كۈلۈمسىرەپ ، — دەسلەپ گېزىت تارقاتقان چېغىمدا ، بىر گېزىتتىن ئاران ئىككى سېنت پايدا ئالاتتىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلنى تەستە تاپاتتىم ، چۈنكى مەن گېزىت توشۇيدىغان كوچىدا گېزىت توشۇيدىغانلار كۆپ ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىت تو-
شۇيدىغانلار مەندىن چوڭ،
ئۇلار بۇ ئىشنى مەندىن بۇ-
رۇن باشلىغاچقا تەجرىبىلىك
بولۇپ كەتكەنىكەن.
ئېۋېرسون قىزىقىپ
سورىدى:
— كېيىن قانداق قى-
لىپ رىقابەتچىلىرىڭنى يې-
قىتتىڭ؟
— ئۇلارنى مەن يىقىت-
مىدىم، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى
يىقىتتى، — دېدى جونسون
كۆرەڭلىك بىلەن، — ئۇلار
گېزىت توشۇپ پۇل تېپىش-
نىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ،
بۇ يول بىلەن پۇل تاپالماسلى-
قىغا كۆزى يەتتى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار بىر - بىرلەپ
باشقا يوللار ئارقىلىق پۇل
تېپىشقا ئاتلاندى، بىراق مەن
ئۈمىدسىزلەنمەي، بۇ ئىشنى
داۋاملاشتۇردۇم ھەمدە بۇ
ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بار-
غانسېرى پۇل تېپىشقا باشلى-
دىم.
— جونسون، سەن ئە-
زەلدىن باشقا كەسىپ بىلەن
شۇغۇللىنىش ئويىدا بولمى-
دىڭمۇ؟
— ياق، — دېدى
جونسون قەتئىيلىك بى-
لەن، — چۈنكى ئادۋوكات-
لىق قىلىدىغان بوۋام ماڭا،
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ
ئەڭ چوڭ سىرى ئاخىرغىچە
بەل قويۇۋەتمەسلىك، دېگەنى-
دى، شۇڭا ھەپتىسىگە پەقەت
ئۈچ دوللار تاپقان كۈنلەردىمۇ
بۇ كەسىپنى تاشلاپ، باشقا
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش
كويىدا بولمىدىم، ئۆزۈمنىڭ
چوقۇم پۇل تاپالايدىغانلىقىمغا
قەتئىي ئىشىنەتتىم. دەرۋەقە
ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلاندى،
ئۆزۈم گېزىت توشۇپلا قال-
ماي، سەككىز بالىنى ياللى-
دىم، شۇنىڭ بىلەن گېزىت
توشۇيدىغان رايون ۋە خېرى-
دارلىرىم كېڭىيىشكە باشلى-
دى. ھازىر مەن بىر شىر-
كەت قۇرۇپ، خوجايىن بو-
لۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلى-
قىنى بىلىپ باقماقچى.
— ئەينى چاغدا سەن
بىلەن تەڭ گېزىت توشۇغانلار
ئىچىدە سەندىن كۆپ پۇل تاپ-
قانلار بارمۇ؟ — ئېۋېرسون
ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ سورى-
دى.
— يوق، — جونسون
مەغرۇر ھەم كەسكىن جاۋاب
بەردى، — ئۇلارنىڭ ئىچى-
دىكى نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرى-
نىڭ ئەينى چاغدا ماڭا ئوخ-
شاش داۋاملىق گېزىت توشى-
ۋەرمىگەنلىكىگە پۇشايمان
قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆ-
تى ھازىر مېنىڭ غوللۇق يار-
دەمچىلىرىم.
بۇ چاغدا، ئېۋېرسون
ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن
تۇردى:
— رەھمەت ساڭا،
جونسون، بۈگۈن سەن بىزگە
قالتىس لېكسىيە سۆزلەپ
بەردىڭ، — دېدى ئۇ جون-
سونغا مىڭ دوللارلىق بانكا
چېكىنى تەڭلەپ.
— سىزنىڭ ماڭا بەر-
گەن ھەققىڭىز بەك كۆپ بو-
لۇپ كەتتى، مەن ئۆز تەجرى-
بەمنى مۇنداقلا سۆزلەپ قوي-
دۇم، خالاس.
— بالام، — دېدى ئۇ
جونسوننىڭ بېشىنى مەمنۇنى-
يەت بىلەن سىلاپ، — بى-
لىمەن، سېنىڭ بۈگۈنكى
لېكسىيەڭنىڭ قىممىتى مەن
ساڭا بەرگەن بۇ ھەقتىن ئون
مىڭ ھەسسە ئارتۇق.
ئەينى چاغدا ئون ياشلىق
بىر بالىنىڭ ئىنتايىن ئاددىي
لېكسىيىسىنىڭ كىچىككىنە
بىر تال چوغىنىڭ ئۆچۈپ قې-
لىش ئالدىدا تۇرغان قەلبلەر-
نى يالقۇنلاتقىنىدەك، كېللېي
شىركىتىنىڭ بىردىنلا دۇنيا-
دىكى داڭلىق دۆلەت ھالقىغان
شىركەتكە ئايلانغانلىقىنى
ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمى-
گەنىدى، ئۆسمۈر جونسونمۇ
كېيىن ئامېرىكىدىكى «گې-
زىت ساھەسىدىكى ماگنات»
قا ئايلاندى.

# سولخايلار

## تېخىمۇ ئەقىللىقمۇ

جاك شىڭخەي

بۇنىڭدىن بىر ئەسىر مۇقەددەم، كىشىلەر سولخايلىقنى بىر خىل بىنورمال فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە، ئومومەن سولخايلارنىڭ كۆپىنچىسى نان قېپى، ئەقلى يېتىلمىگەن، دەپ قارايتتى.

بىراق، رېئاللىق بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، كىشىلەر ئەتراپىدىكى نۇرغۇن سولخايلارنىڭ ھەرگىزمۇ نان قېپى، ئەقلى يېتىلمىگەن بولماستىن، ئەقىل - پاراسەتلىك بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. نېمە ئۈچۈن مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئوڭخاي، ئاز بىر قىسىم كىشىلەر تەبىئىي سولخاي بولىدۇ؟ ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس كلۇر، ئادەم بەدىنىدە كىشىلەرنىڭ قولىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان گېن بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل گېن كىشىلەرنىڭ ئوڭ ياكى سول قولىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىشنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئىلگىرى ئادەم توپلاشقان ئايرودروم، تاللا بازارلىرىغا بېرىپ، ئادەمنىڭ چېچىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىنى كۆزەتتى، ئەلۋەتتە تاقىر باش ۋە ئۇزۇن چاچلار نەزەردىن ساقىت قىلىندى. نەتىجىدە 95 پىرسەنت «ئوڭخاي»لارنىڭ چېچى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىدىغانلىقى، ئەكسىچە سولخاي ھەم ئوڭ قولىنىمۇ ئەپچىل ئىشلىتەلەيدىغانلارنىڭ چېچى سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشى بويىچە ھەم سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقىدى.

چوڭ مېڭە قۇرۇلمىسى تەتقىقاتى جەريانىدا تەتقىقاتچىلار چوڭ مېڭە ئىككى شارىنىڭ ئوڭ - سول قول - پۇتنىڭ ھەرىكىتىنى قاي-




چىلاشقان ھالەتتە كونترول قىلىدىغانلىقىنى، يەنى سول مېڭە ئوڭ تەرەپتىكى قول - پۇتنىڭ ھەرىكىتىنى، ئوڭ مېڭە سول تەرەپتىكى پۇت - قولنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئادەتتە سول مېڭە تىل ئىپادىلەش، ئوقۇش، ھېسابلاش، ئانالىز قىلىش، لوگىكىلىق تەپەككۇر قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە؛ ئوڭ مېڭە مۇزىكا چېلىش، رەسىم سىزىش، بوشلۇق گېئومېتىرىيىسى، تەسەۋۋۇر قىلىش، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە. ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭە ھەم «ئىش تەقسىملىنىۋالغان» ھەم «ھەمكارلىشىدۇ».

سولخايلار ئەقىللىق بولىدۇ، دېيىشكە ئىشىنىدىغان بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق قارايدۇ، سولخايلار ئادەتتە سول پۇت - قوللىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئوڭ مېڭىنىڭ غىدىقلىنىشقا ئۇچرىشى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سولخايلاردا ئوڭ

مېڭىدە تەپەككۇر قىلىش خائىشى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، سولخايلارنىڭ بىلىش سېزىمى، بوشلۇق تۇيغۇسى ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. قاداق تەننىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ سولخايلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇنلىغان سولخايلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئۇنداقتا، ئولڭ مېڭىنىڭ زادى قانداق ئىقتىدارى بار؟ ئامېرىكا تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئاگ مۇنداق كۆرسەتتى: ئولڭ مېڭىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش. ئولڭ مېڭە قىسمەن ئانالىزغا سەزگۈر بولۇپلا قالماي، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، دادىللىق بىلەن پەرەز قىلىشقا ئىنتىلىپ، سەكرەپ ئىلگىرىلىتىپ، بىۋاسىتە سېزىملىق خۇلاسە چىقىرىدۇ. پروفېسسور ئاگ ئامېرىكىدا چولڭ شىركەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 2000 دىرېكتورنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىرقەدەر ياخشى بولغان ئولڭ مېڭە بىۋاسىتە سېزىملىق تەپەككۇرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەزى كىشىلەردە بىۋاسىتە سېزىملىق تەپەككۇرنىڭ، ھەتتا بىر خىل ئالدىن بىلىش ئىقتىدارىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ، كارخانىدا مۇھىم قارار چىقىرىشىغا ياردىمى بولغانلىقىنى بايقىدى.

ئىلىم ساھەسىدە، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇنىڭغا قارىتا گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولدى. ئۇلار مۇنداق قاراشتى: گەرچە ئولڭ مېڭە ئۆتكۈر بولىدۇ، دەيدىغان قاراشنى پۈتۈنلەي خاتا دېيىشكە بولمىسىمۇ، بىراق بۇ خىل قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى يېتەرلىك ئەمەس. ئولڭ ـ سول مېڭىنىڭ مۇناسىۋىتى بىز ھازىر تونۇغاندىنمۇ مۇرەككەپ.

# قەلب تۈگۈنى

لاۋ جەن

سەككىز يېشىمدا ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىدىن تۇنجى قېتىم يېڭى كىيىم كىيىشىم ئىدى. شۇ يىلى قىشتا، مەكتىپىمىز رەڭسىز تېلېۋىزور سېتىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېڭى كىيىممنى كىيىپ، ساۋاقداشلار بىلەن قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولدۇم. تېلېۋىزور باشلانماي تۇرۇپلا، پارتىدىشىمنىڭ چۈشتىن كېيىن پارتىسىغا تىك ـ تاك توپ قويۇپ قويغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ، ساۋاقداشلار ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم.

بۇ ئوغرىلىق، مەن تىك ـ تاك توپنى قولۇمغا ئېلىپ توساتتىن بۇنى ھېس قىلدىم. دەل شۇ پەيتتە، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن «ئوغرى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. «ئاپلا! بىرى مېنى كۆرۈپ قاپتۇ! كىم بولغىيتتى!» قورقۇنچ ئىچىدە مەكتەپ ھويلىسىدا پىرقىراپ قالدىم، ئۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ مېنى ئوغرى دەپ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېلىقى يېڭى كىيىممنى كىيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاخشىمى، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى قانغۇچە كۆرۈۋالسۇن دەپ تېلېۋىزورنى ئېچىپ بەردى، شۇ چاغدىلا ھېلىقى كۈنى مېنى ۋەھىمىگە سالغان ئاۋازنىڭ تېلېۋىزوردىن چىققانلىقىنى، مېنىڭ تىك ـ تاك توپ ئوغرىلىغانلىقىمنى ھېچكىمنىڭ كۆرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

كېيىن مەن ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارغا يېقىن يولىمىدىم، چۈنكى باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلغاندا، باشقىلارنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم.



# تىلەمچىلىك قىلىمەن

بەي يۇ سەنەۋەر ئىبراھىم تەرجىمىسى

هەر كۈنى ئوغلۇمنى ئېلىپ قايتقۇچە بىر
بانكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتىم . ئۇ يەردە دائىم
بىر - ئىككى تىلەمچى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە
تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
بىر بوۋايغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . مەن ئۇنىڭ
ئالدىدىن ئۆتكۈچە يانچۇقۇمدا پارچە پۇل بول-
سىلا ، ئوغلۇمنى ئۇنىڭ پۇچۇق قاچىسىغا تاش-
لاپ بېرىشكە بۇيرۇيتتىم . بۇنى ئوغلۇمغا مې-
ھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش تەربىيىسى بېرىش
دەپ قارايتتىم . ئوغلۇممۇ بۇنىڭدىن خۇشال
بولاتتى .

ھېلىقى كۈنى تېلېۋىزوردا رىياسەتچى با-
لىلاردىن : «چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسى-
لەر » دەپ سورىدى . مەن بۇنى ئوغلۇمغا بە-
لىندۈرمەي تەربىـيە بېرىش پۇرسىتى دەپ
قاراپ ، مۇنداقلا سورىدىم :

— بالام ، چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قى-
لىسەن ؟

ئوغلۇم قولىدىكى ئويۇنچۇقتىن كۆزىنى
ئۈزمەي ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردى :

— تىلەمچىلىك قىلىمەن .

ئاچچىقىمدا ۋارقىراپ كەتتىم :

— ھۇ ، يارىماس ؟

ئوغلۇم ئاۋازىمدىن چۆچۈپ ماڭا قاراپ
تۇرۇپ قالدى . ئاندىن بوش ئاۋازدا :

— تىلەمچىلىك قىلسا كۆپ پۇل تاپقىلى
بولىدىكەن ، يەنە تېخى چارچىمايدىكەن ، —
دېدى .

— تىلەمچىنى ھېچكىم كۆزگە ئىلماي-
دۇ ، بوزەك قىلىدۇ ، — دېدىم مەن .

ئوغلۇم ھەيرانلىق بىلەن :

— ئاپا ، ئەمىسە سىز دائىم مېنى پۇل
بېرىشكە بۇيرۇيسىزغۇ ، كۆرمىدىڭىزمۇ ، ئۇ-
نىڭ كومزىكىدىكى پۇل مېنىڭكىدىن كۆپ
ئىكەن ، — دېدى .

ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇلۇپ قال-
دى ، باللارغا ھايۋانلارنى كۆندۈرگەندەك تەر-
بىيە بېرىش كېرەكمۇ ، قانداق ؟

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا قاتتىق - قات-
تىق تەربىيە قىلدىم :

— چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇشۇڭ ، ئۇلۇغ-
ۋار غايىلەرنى تۇرغۇزۇشۇڭ كېرەك !

تۈكۈرۈكلىرىمنى چاچرىتىپ «ھەيۋە»
بىلەن ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئوغلۇم بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ گۇناھىنى تونۇدى :

— چوڭ بولغاندىن كېيىن ئالىي مەك-
تەپتە ئوقۇيمەن .

— ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭ ، جېنىم
قوزام .

چىرايىمدىكى خۇشاللىق تېخى يوقالماي
تۇرۇپلا ، ئوغلۇم قەتئىيلىك بىلەن قوشۇپ
قويدى :

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كې-
يىن تىلەمچىلىك قىلىمەن .

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئارمىيىدىكى بىر ئايال ئەسكەرنىڭ قىسىم بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئوقلىرىمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ بىر ئەسكىرى ئۇنى كۆرۈپ قالدى ھەمدە مىلتىقنى تەڭلەپ تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. لېكىن، ئايال ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمىدى. تۇرۇپلا ئەسكەرنىڭ ئۇ ئايالغا ئىچى ئاغرىپ:

— ماڭا خوتۇن بولغىن، مەن ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ، سەن بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ئۆتىمەن، — دېدى.

— ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىز ساڭا خوتۇن بولمايمەن.

— ياكى بولمىسا، مەن سېنىڭ ئېرىڭ بولاي، سېنى بىر ئۆمۈر قوغدايمەن.

— خام خىيال قىلماي، مېنى ئېتىۋەتە!

ئەسكەر مىلتىقىنى كۆتۈردىيۇ، ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن بىر ئەر تۇرۇپ بىر ئايالنى ئۆلتۈرىمەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن؛ سېنى تۇتۇپ بەرگىنىمدىن كۆرە، ئۆلگىنىم تۈزۈك، سېنى قۇتقۇزغۇم بار، لېكىن قانداق قۇتقۇزسام بولار؟

— ئەمىسە سەن مېنىڭ ئەسىرىم بول، — دېدى ئايال.

ئەسكەر قورالنى تاشلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— سەن ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە مەن نېمىدىن قورقاتتىم! مەيلى، مەن تەسلىم بولاي، — دېدى.

ئايال ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىپ، ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى، ئۇلار قىزىل ئارمىيە قوشۇنىدىكىلەرنى تاپتى، ئەسكەر قىزىل ئارمىيىگە قاتناشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىرگە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، بىر - بىرىنى قوغدىدى. ئايال كېيىن راستىنلا ئۇ ئەسكەرگە ياتلىق بولدى. ئەسكەر ئۆزىنىڭ ئەسىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ خوتۇنىغا:

— مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ئەسىر بولۇشقا رازى، — دېدى.

ھازىر ئۇلار ئىككىلىسى ياشىنىپ قالدى. ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئۆمۈرلۈك «رەھبىرى» بولدى. گەرچە ئەر ئايالنىڭ يېرىم ئۆمۈرلۈك باشلىقى بولغان بولسىمۇ، بىر ئۆمۈر ئايالىنىڭ «قول ئاستىدا» بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى ئىدى.

ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىش ئالدىدا، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ قىزىقچىلىق قىلىپ:

— بىز «گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقى»نىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسى ... ئەگەر چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن تەيۋەنمۇ بىزدەك بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، — دېدى.

ئۇلار مېنىڭ مومام ۋە بوۋام بولىدۇ.

## ئەڭ مۇكەممەل ئەسىر

جۇ شاۋخۇا





ئەمدى ماڭا ئوخشىدىڭ


# 读者（月刊）

（维吾尔文版）

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版

印刷：新疆漠尔通（**MORTOM**）印刷有限责任公司

乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行

全 国 各 地 邮 局 订 阅

# تەرمىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

باسقۇچى: شىنجاڭ مورتوم (**MORTOM**) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2827109

---

**国际标准刊号**：ISSN1671-1327

**国内统一刊号**：CN65- 1144/GO

**本刊代号**：58—135 **定价**：3.00 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1671-1327

**بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:** CN65 -1144/GO

**ۋاكالەت نومۇرى:** 58 — 135 **باھاسى:** 3.00 يۈەن



# ئافغانىستاننىڭ پەخرى

ئافغانىستاننىڭ مازارى شېرىف دېگەن يېرىدە داڭلىق ھەزرىتى ئەلى مەسچىتى بار. سۈننىي ۋە شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەسچىتكە كىرىپ ئىبادەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يەر ئىسلام ...نىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلىنىڭ مەقبەرىسى.